ISTIQLAL

# ئىستىقلال ئاۋازى

ئايلىق ئاخبارات ژۇرنىلى

سېنتەبىر 2023 (ئومۇمىي 38 ـ سان)

توغرا تەشۋىقات ئويغىنىشنىڭ تۇنجى باسقۇچىدۇر





# ئۇيغۇرلار خەلقئارالىق مۇنبەرلەردە داۋاملىق تىلغا ئېلىنماقتا

Istiqlal TV




# ب د ت نىڭ شەرقىي تۈركىستان دوكلاتى ئېلان قىلىنغانلىقىنىڭ بىر يىللىق كۈنىدە خەلقئارا جەمئىيەت تەنقىدلەندى

بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ شەرقىي تۈركىستان ھەققىدىكى ئىنسان ھەقلىرى دوكلاتى ئېلان قىلىنغانلىقىغا دەل بىر يىل بولغان كۈندە، خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى بايانات ئېلان قىلىپ، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ بۇ مەسىلىگە يېتەرلىك ئىنكاس قايتۇرمىغانلىقىنى تەنقىد قىلدى.

خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى 31-ئاۋغۇست ئورگان تور بېتىدە بايانات ئېلان قىلىپ، ب د ت ئىنسان ھەقلىرى ئالىي كومىسسارى ئىشخانىسىنىڭ شەرقىي تۈركىستان ھەققىدىكى دوكلاتى ئېلان قىلىنغانلىقىغا دەل بىر يىل بولغانلىقىنى ئەسكەرتىپ ئۆتتى ۋە بۇ بىر يىل جەريانىدا ب د ت قاتارلىق خەلقئارالىق تەشكىلاتلارنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلار ئۇچۇن كەسكىن ھەرىكەتكە ئۆتۈشتىن ئۆزىنى قاچۇرغانلىقىنى، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ب د ت دوكلاتى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىنكى ئىنكاسىنىڭ ئېغىر دەرىجىدە يېتەرلىك بولمىغانلىقىنى ئەيىبلىدى.

باياناتتا يەنە ب د ت نىڭ نۆۋەتتىكى ئىنسان ھەقلىرى ئالىي كومىسسارى ۋولكېر تۈرك ئالاھىدە تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىنسان ھەقلىرى دەپسەندىچىلىكىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى سۈرۈشتۈرۈشنىڭ مۇھىملىقىنى ئېنىق تەكىتلىمىگەنلىكى تەنقىدلەندى.

بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ سابىق ئىنسان ھەقلىرى ئالىي كومىسسارى مىشېل باچېلېت بۇلتۇر 31-ئاۋغۇست ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى توشقان ئاخىرقى پەيتلەردە، خەلقئارا جەمئىيەت كۈتكىلى ئۇزۇن بولغان شەرقىي تۈركىستانغا ئالاقىدار دوكلاتنى ئېلان قىلغانىدى. مەزكۇر 48 بەتلىك دوكلاتتا خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەرگە قاراتقان قىلمىشلىرىنىڭ «ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەت» شەكىللەندۈرگەن بولۇشى مۇمكىنلىكى تەكىتلەنگەنىدى.

ئەينى ۋاقىتتا خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى بۇنىڭغا نارازىلىق بىلدۈرۈپ: «ب د ت كىشىلىك ھوقۇق ئالىي كومىسسارى ئىشخانىسى ئامېرىكا قاتارلىق غەرب ئەللىرىنىڭ خىتايغا قارشى تۇرۇشتىكى يانتايىقى ۋە قورالغا ئايلاندى» دەپ بىلجىرلىغانىدى ۋە ب د ت كىشىلىك ھوقۇق ئالىي كومىسسارى ئىشخانىسى بىلەن ھەمكارلىقنى توختاتقانىدى.



# دوكلات: خەلقئارالىق ساياھەت شىركەتلىرى «ئىرقىي قىرغىنچىلىق ساياھىتى»نى داۋاملاشتۇرماقتا

خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتى كۈچلۈك پاكىتلار بىلەن ئىسپاتلانغان ۋە خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ دىققىتىنى قوزغىغان بولسىمۇ، ئەڭ يېڭى دوكلاتتا كۆرسىتىلىشىچە، نۇرغۇنلىغان خەلقئارالىق ساياھەت شىركەتلىرى يەنىلا شەرقىي تۈركىستانغا ساياھەت قىلىش مۇلازىمىتىنى داۋاملاشتۇرغان.

ۋاشىنگتوندا جايلاشقان ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق قۇرۇلۇشى 30-ئاۋغۇست «ئىرقىي قىرغىنچىلىق ساياھىتى: شەرقىي تۈركىستاندىكى خەلقئارالىق ساياھەت پائالىيەتلىرى» سەرلەۋھەلىك يېڭى دوكلات ئېلان قىلغان بولۇپ، خەلقئارالىق ساياھەت شىركەتلىرىدىن يەتتىنى نۇقتىلىق تىلغا ئالغان. دوكلاتتا ئامېرىكا، ئەنگلىيە، كانادا قاتارلىق دۆلەتلەردىكى خەلقئارالىق ساياھەت شىركەتلىرىنىڭ ئۈرۈمچى ۋە قەشقەرگە ساياھەت قىلىدىغان مۇلازىمەتلەرنى داۋاملىق يولغا قويغانلىقى، بۇ قىلمىشلارنىڭ ئەمەلىيەتتە خىتاينىڭ باستۇرۇش سىياسەتلىرى ۋە ساختا تەشۋىقاتىغا ياردەم قىلغانلىق بولىدىغانلىقى كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەن.

مەزكۇر دوكلاتنى تەييارلىغۇچى ھېنرىك شىجېسكى ئامېرىكا ئاۋازىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلىپ، تەشكىللىك ھالدا شەرقىي تۈركىستانغا ساياھەتكە بېرىشنىڭ ئەمەلىيەتتە خىتاينىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىگە شېرىك بولۇشقا تەۋەككۈل قىلغانلىق بولىدىغانلىقىنى تەكىتلىگەن ۋە خەلقئارالىق ساياھەت شىركەتلىرىنى شەرقىي تۈركىستانغا قاراتقان ساياھەت مۇلازىمىتىنى دەرھال توختىتىشقا

چاقىرغان.

ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق قۇرۇلۇشىنىڭ بىلدۈرۈشىچە، مەزكۇر دوكلات ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، كانادا ۋە ئاۋستىرالىيەدىكى ئىككى ساياھەت شىركىتى بۇندىن كېيىن شەرقىي تۈركىستان ساياھىتى مۇلازىمىتىنى توختىتىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

خىتاي رېجىمى شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن، يېقىنقى يىللاردىن بېرى خەلقئارالىق ساياھەت ئۆمەكلىرىنى تەكلىپ قىلىپ، ئالاھىدە تەييارلانغان چەكلىك ئورۇنلارنى زىيارەت قىلدۇرۇپ، كۆز بوياپ كەلمەكتە. خىتاي رېجىمى رەئىسى شى جىنپىڭمۇ ئالدىنقى ھەپتە ئۈرۈمچىگە بارغاندا ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى داۋاملاشتۇرۇشقا ئىشارەت قىلغاندىن سىرت، دۆلەت ئىچى-سىرتىدىكى ساياھەتچىلەرنى شەرقىي تۈركىستانغا ساياھەتكە كېلىشكە ئىلھاملاندۇرۇش قاتارلىق پىلانىنىمۇ تەكىتلىگەنىدى.




خىتاي تاراتقۇلىرىنىڭ خەۋەرىگە ئاساسلانغاندا، 31-ئاۋغۇستتىن 3-سېنتەبىرگىچە بېيجىڭدا 11-نۆۋەتلىك خىتاي مەملىكەتلىك مۇھاجىرلار قۇرۇلتىيى ئېچىلغان بولۇپ، مەزكۇر قۇرۇلتايغا خىتايغا يانتاياق بولۇپ كەلگەن، تونۇلغان خىتايپەرەسلەردىن تۈركىيەدىكى سابىر بۇغدا، ئانتاليا خىتاي مۇھاجىرلار جەمئىيىتىنىڭ مەسئۇلى ماھىنۇر (گۈلى) ۋە ئىزمىر خىتاي مۇھاجىرلار جەمئىيىتىنىڭ مەسئۇلى ۋاڭشىن خۇا، ئىستانبۇلدىكى خىتاي بىرلىكسەپ فىرونتى جەمئىيىتىنىڭ مەسئۇلى چېڭ ۋېي قاتارلىقلار قاتناشقان. يىغىندا شى جىنپىڭ سۆز قىلىپ، چەت ئەلدىكى خىتايپەرەسلەرنىڭ ئاتالمىش «ۋەتەنىنىڭ بىرلىكىنى قوغداش»تا كۆرسەتكەن خىزمەتلىرىگە يۇقىرى باھا بەرگەن ۋە رەھمەت ئېيتقان. مەلۇم

بولۇشچە، ئىتالىيا خىتاي مۇھاجىرلار جەمئىيىتىنىڭ مەسئۇلى ماھىنۇر (گۈلى) نىڭ يولدىشى خىتاي ئىكەن.

كۆزەتكۈچىلەر ئۇيغۇر خەلقى تارىختىكى ئەڭ ئېغىر پاجىئە ۋە باستۇرۇشنى باشتىن كەچۈرۈۋاتقان مۇشۇنداق پەيتلەردىمۇ، يەنىلا ئۆزلىرىنى بۇ مىللەتتىن دەپ ئاتايدىغان بىر قىسىم ماڭقۇرتلارنىڭ ئىشغالىيەتچى خىتاي رىجىمىغا بىمالال ساداقەتمەنلىك بىلدۈرۈشى ۋە ئېغىز-بۇرۇن يالىشىپ يۈرۈشلىرىنىڭ ئېغىر جىنايەت ئىكەنلىكىنى، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئۇلارنى مەڭگۈ كەچۈرمەيدىغانلىقىنى، ئۇلار خىتايغا ھەرقانچە سادىقلىق خىزمەت قىلغان تەقدىردىمۇ، ئاقىۋىتىنىڭ ئىلگىرىكى خائىنلارنىڭكىدىن پەرقلەنمەيدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشمەكتە.




ب د ت ئىنسان ھەقلىرى ئالىي كومىسسارى ئىشخانىسىنىڭ شەرقىي تۈركىستان ھەققىدىكى دوكلاتى ئېلان قىلىنغانلىقىغا دەل بىر يىل بولغانلىقى ھەرقايسى تاراتقۇلاردا كۈچلۈك كۈنتەرتىپكە كېلىۋاتقان بولۇپ، 6-سېنتەبىر خەلقئارادىكى نوپۇزلۇق قانالللاردىن ئەلجەزىرە قانىلىدا بۇ ھەقتە بىر سۆھبەت ئۆتكۈزۈلدى ۋە ئۇيغۇر بىلەن خىتاي مۇنازىرىلەشتى.

خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى 31-ئاۋغۇست بايانات ئېلان قىلىپ، ب د ت ئىنسان ھەقلىرى ئالىي كومىسسارى ئىشخانىسىنىڭ شەرقىي تۈركىستان ھەققىدىكى دوكلاتى ئېلان قىلىنغانلىقىغا دەل بىر يىل بولغانلىقىنى ئەسكەرتىپ، بۇ بىر يىل جەريانىدا ب د ت قاتارلىق خەلقئارالىق تەشكىلاتلارنىڭ ۋە دۆلەتلەرنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلار ئۈچۈن كەسكىن ھەرىكەتكە ئۆتۈشتىن ئۆزىنى قاچۇرغانلىقىنى، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ خىتاينىڭ جىنايەتلىرىگە قارشى ئىنكاسىنىڭ ئېغىر دەرىجىدە يېتەرلىك بولمىغانلىقىنى ئەيىبلىگەنىدى.

كۆپلىگەن خەلقئارالىق تاراتقۇلارنىڭ قاتارىدا ئەلجەزىرە ئەرەبچە قانىلىمۇ بۇ ھەقتە پىروگىراممىدا ئۆتكۈزدى.

پىروگىراممىغا تۈركىيەدىن شەرقىي تۈركىستان ئاخبارات ۋە مېدىيا جەمئىيىتى رەئىسى (ئىستىقلال تېلېۋىزىيەسى مۇدىرى) ئابدۇلۋارىس ئابدۇلخالىق ئەپەندى ۋە بېيجىڭدىن خىتاي رېجىمىنىڭ تەشۋىقاتچىسى بولغان سىياسىي ئانالىزچى ۋە يازغۇچى رۇڭ خۇەن قاتناشقان بولۇپ، رىياسەتچى ب د ت نىڭ شەرقىي تۈركىستانغا ئالاقىدار دوكلاتى ھەققىدە ھەر ئىككىيلەندىن سوئال سورىدى.

ئابدۇلۋارىس ئەپەندى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ سابىق ئىنسان ھەقلىرى ئالىي كومىسسارى مىشېل باچېلېتنىڭ بۇلتۇر 31-ئاۋغۇست ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى توشقان ئاخىرقى پەيتلەردە شەرقىي تۈركىستانغا ئالاقىدار ئېلان قىلغان دوكلاتتا تىلغا ئېلىنغان خىتاينىڭ جىنايەتلىرىنىڭ ھېلىھەم داۋام قىلىۋاتقانلىقىنى، ئەپسۇسكى خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى تىلغا ئالغاندەك، خىتاينىڭ مەزكۇر جىنايەتلىرىگە قارشى ھەرقايسى دۆلەت ۋە تەشكىلاتلارنىڭ ئىنكاسىنىڭ يوق دېيەرلىك ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى.

خىتاي ئانالىزچى بولسا خىتاي رېجىمىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى جىنايەتلىرىنى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىپ، بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ پەقەتلا تېررورلۇققا ۋە ئەسەبىيلىككە قارشى تۇرۇش ئىكەنلىكىنى، خىتاينىڭ تېررورلۇققا قارشى كۈرەشى سەۋەبلىك يېقىنقى يىللاردا شەرقىي تۈركىستاندا ھېچقانداق تېررورلۇق ھەرىكەتلىرىنىڭ بولمىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ بىلجىرلىدى.

رىياسەتچى بۇنىڭغا جاۋابەن تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ئۇقۇمىنىڭ ئىنتايىن كەڭ دائىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى ۋە بۇ قالپاق بىلەن نۇرغۇن ئىشلارنى قىلىۋەتكىلى بولىدىغان زىل مەسىلە ئىكەنلىكىنى تىلغا ئېلىپ، ب د ت ۋە باشقا نوپۇزلۇق ئىنسان ھەقلىرى تەشكىلاتلىرى ئېلان قىلغان دوكلاتلار، گۇۋاھچىلارنىڭ سۆزلىرى ۋە شەرقىي تۈركىستاندىن دۇنياغا تارقالغان رەسىم، سىنلار، ھەتتا خىتاي رېجىمىنىڭ جىنايەتلىرىنى ئېنىق بەلگىلەپ بېرىدىغان رەسمىي ماتېرىياللارنىڭ خىتاي رەسمىي ئورگانلىرى تەرىپىدىن تارقىلىپ كەتكەنلىكىنى تەكىتلىدى ۋە «بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاشكارا تۇرغان بىر ئەھۋالدا خىتاي يەنىلا بۇلارنى كۆرمەسكە سېلىپ، ئۆزىنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئىلگىرى سۈرەمدۇ؟» دەپ سوئال سورىدى. خىتاي بۇنىڭغىمۇ بىۋاسىتە جاۋاب بېرىشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، تارقىلىۋاتقان رەسىم ۋە سىنلارنىڭ يالغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ مەقسىتىنىڭ خىتاينىڭ ئابرۇيىنى تۆكۈش ۋە رايوننىڭ ئىقتىسادىنى ئاجىزلىتىش ئۈچۈن ئىكەنلىكىنى، خىتاينىڭ ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى»نى زىيارەت قىلغۇچىلارنى قارشى ئالىدىغانلىقىنى، دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ ئاخبارات ۋاسىتىلىرىغا ئىشەنمەي، ئەمەلىي زىيارەت قىلىشى كېرەكلىكىنى بىلدۈرۈپ جار سالدى.

ئابدۇلۋارىس ئەپەندى خىتاينىڭ بۇ سەپسەتىلىرىگە قاتتىق رەددىيە بېرىپ، خىتاي رېجىمىنىڭ يىللاردىن بۇيان جازا لاگېرى سىياسىتى بىلەن جەمئىيەتنىڭ ھەر قاتلاملىرىدىن مىليونلىغان كىشىنى سولىغانلىقىنى ۋە ھېلىھەم

داۋام قىلىۋاتقانلىقىنى بايان قىلىپ ئۆتتى ۋە «جازا لاگېرلىرىدىكى 80 ياشلىق ياشانغانلارنىڭ گۇناھى نېمە ئىدى؟ ئاتا-ئانىلىرىدىن مەجبۇرىي تارتىۋېلىنغان ۋە ئاتالمىش ياتاقلىق مەكتەپلەر نامىدىكى باللار لاگېرىدا خىتايلاشتۇرۇلۇۋاتقان مىليونلىغان سەبىي باللارنىڭ گۇناھى نېمە ئىدى؟ خىتاي رېجىمى ئۆزىنى مۇسۇلمان ۋە ئۇيغۇر دەپ قارىغان ھەرقانداق كىشىنى يوقىتىشنى نىشان قىلىپ كېلىۋاتىدۇ» دەپ تەكىتلىدى.

ئۇ يەنە خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاننىڭ زىيارەتكە ئوچۇق ئىكەنلىكىنى ھەققىدىكى سەپسەتىسىگە رەددىيە بېرىپ: «شۇنداق، زىيارەتكە ئوچۇق، ئەمما خىتاي مەخسۇس چاقىرغان كىشىلەرگە ئوچۇق. خىتاي ئۇلارنى ئۆزلىرى ئالدىن تەييارلاپ قويغان يالغان سەھنىلەرنى زىيارەت قىلدۇرۇش ئارقىلىق، ئۆزىنىڭ جىنايەتلىرىنى يوشۇرۇشقا ۋە دۇنيانى ئالداشقا تىرىشىپ كېلىۋاتىدۇ» دېدى ۋە دۇنياغا ھەرخىل يوللار بىلەن تارقىلىپ كەتكەن رەسىم ۋە سىنلارنىڭ ئەمەلىيەتتىكى ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى، خىتاي دەۋا قىلغاندەك يالغان ئەمەسلىكىنى تەكىتلىدى.

خىتاي رېجىمىنىڭ ئۆز تەشۋىقاتچىلىرىنى خەلقئارالىق تاراتقۇلارنىڭ سۆھبەت پىروگراممىلىرىغا چىقىرىشى، بولۇپمۇ ئۇيغۇرلار بىلەن ئوخشاش بىر سۆھبەتكە قاتناشتۇرۇشى كۆپ ئۇچرىمايدىغان بولۇپ، ئەلجەزىرىگە ئوخشاش خەلقئارالىق قانالنىڭ مەزكۇر پىروگراممىسى شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنى ئەرەب-ئىسلام دۇنياسىغا چۈشەندۈرۈشتە، كۈنتەرتىپكە كەلتۈرۈشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولماقتا.




گېرمانىيە پارلامېنتىدا 5-سېنتەبىر 11 ئەزادىن تەركىب تاپقان پارتىيە ھالقىغان «ئۇيغۇر دوستلۇق گۇرۇپپىسى» قۇرۇلدى.

گېرمانىيە ئاۋازىنىڭ خەۋەر قىلىشىچە، گېرمانىيە پارلامېنتىدا 5-سېنتەبىر 11 ئەزادىن تەركىب تاپقان پارتىيە ھالقىغان «ئۇيغۇر دوستلۇق گۇرۇپپىسى» قۇرۇلغان بولۇپ، بۇ گۇرۇپپا يېقىندا گېرمانىيە ھۆكۈمىتىدىن خىتاي رېجىمىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئىجرا قىلىۋاتقان باستۇرۇش، زىيانكەشلىك

قىلىش جىنايى قىلمىشىنى «ئىرقىي قىرغىنچىلىق» دەپ ئېتىراپ قىلىش توغرىسىدا بېلەت تاشلاشنى تەلەپ قىلىشى مۇمكىن ئىكەن.

گېرمانىيە لىبېرال دېموكراتىك پارتىيە ئەزاسى پېتېر هايد، سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيەسىنىڭ ئەزاسى دەريا تۈرك-ناچباۋۇر، يېشىللار پارتىيەسىدىن بورىس مىجاتوۋىچ ۋە پارلامېنت ئەزاسى مايكېل براند قاتارلىقلار «ئۇيغۇر دوستلۇق گۇرۇپپىسى» پارلامېنت گۇرۇپپىسىنىڭ قوللىغۇچىلىرى ئىكەن. پارتىيە هالقىغان پارلامېنت ئەزالىرىدىن تەشكىللەنگەن «ئۇيغۇر دوستلۇق گۇرۇپپىسى»نىڭ ئاساسى مەقسىتى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى قوغداش ۋە مۇهاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلارنى بىرلەشتۈرۈش ئىكەن.

«ئۇيغۇر دوستلۇق گۇرۇپپىسى»نىڭ رەئىسى، ئەركىن دېموكراتچىلار پارتىيەسىنىڭ ئەزاسى پېتېر هايد بۇ هەقتە گېرمانىيە تاراتقۇلىرىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلىپ، «ئۇيغۇر دوستلۇق گۇرۇپپىسى» مېخانىزمى بىلەن قەرەللىك يىغىن ئېچىپ، ئىسپات ئاڭلاش ۋە باشقا پائالىيەتلەرنى قىلىش ئارقىلىق گېرمانىيە پارلامېنت ئەزالىرى بىلەن گېرمانىيەدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنى ئالاقە سۇپىسى بىلەن تەمىنلەيدىغانلىقىنى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، گېرمانىيە ئاممىسىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا يەنىلا ئېغىر كىشىلىك هوقۇق دەپسەندىچىلىكىنىڭ بارلىقىنى بىلدۈرۈشنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

پېتېر هايد يەنە «ئۇيغۇر دوستلۇق گۇرۇپپىسى» بېلەت تاشلاش تەكلىپ لايىهەسى سۇنۇپ، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئىجرا قىلىۋاتقان باستۇرۇش، زىيانكەشلىك قىلىش قىلمىشىنى «ئىرقىي قىرغىنچىلىق» دەپ ئېتىراپ قىلىشنى تەلەپ قىلىدىغانلىقىنى، كېلەر يىلى بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك قانۇن تەكلىپ لايىهەسىنى پارلامېنتقا تاپشۇرۇشنى ئۈمىد قىلىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرگەن.

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ رەئىسى دولقۇن ئەيسا «ئۇيغۇر دوستلۇق گۇرۇپپىسى»نىڭ قۇرۇلۇشى هەققىدە توختىلىپ، بۇنىڭ شەرقىي تۈركىستان دەۋاسى ۋە ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ئالاهىدە سىمۋوللۇق ئەهمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى تەكىتلىگەن.



خىتاي رېجىمى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى جامائەت پىكرىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىش خام خىيالىدا بولۇۋاتقان بولۇپ، يېقىندا ئوتتۇرا ئاسىيا تاراتقۇ ئورگانلىرىنى شەرقىي تۈركىستاننى زىيارەت قىلدۇرغان.

خىتاي ئاخبارات ۋاستىلىرىنىڭ خەۋەر قىلىشىچە 24-ئاۋغۇستتىن 30-ئاۋغۇستقىچە شەرقىي تۈركىستاندىكى خىتاي رېجىمى بىلەن خىتاي ئاخبارات ۋاستىلىرى بىرلىكتە ئوتتۇرا ئاسىيا ئاخبارات ۋاستىلىرى ۋەكىللەر ئۆمىكىنى شەرقىي تۈركىستاننى زىيارەت قىلىشقا تەشكىللىگەن.

ئامېرىكا ئاۋازىنىڭ 8-سېنتەبىر خەۋەر قىلىشىچە، خىتاي تەشكىللىگەن زىيارەت ئۆمىكىگە قازاقىستان، قىرغىزىستان، تاجىكىستان ۋە ئۆزبېكىستاندىن ئىبارەت تۆت ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلىتىدىن 21 ئاساسلىق ئاخبارات ئورۇنلىرىنىڭ رەھبەرلىرى تەكلىپ قىلىنغان.

زىيارەت داۋامىدا خىتاي رېجىمى خەلقئارادا كۈنتەرتىپكە كەلگەن شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىدە ئۆمەكنىڭ كۆزىنى بوياش ئۈچۈن، ئۇلارنى ئاتالمىش «نەق مەيدان زىيارىتى»گە تەشكىللىگەن. ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، خىتاي 27-ئاۋغۇست ئاتالمىش «شىنجاڭ-ئوتتۇرا ئاسىيا ئاخبارات ئالماشتۇرۇش سۆھبەت يىغىنى»نى ئۆتكۈزگەن.

سۆھبەت يىغىنىدا خىتاي ئاخبارات جەمئىيىتى پارتكومىنىڭ سېكرېتارى، خىتاي ئاخبارات مۇلازىمەت جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى چېن لۇجۈن: «خىتاي ئاخبارات جەمئىيىتى ئوتتۇرا ئاسىيا تاراتقۇلىرى بىلەن تېخىمۇ قويۇق ھەمكارلىشىپ، خەلقئارا ھەمكارلىق سۈپىلىرىنى كېڭەيتىشنى خالايدۇ. دوستانە تاراتقۇلار بىلەن بىرلىكتە، خىتاي-ئوتتۇرا ئاسىيا ئاخبارات ھەمكارلىق مېخانىزمىنى بەرپا قىلىشقا تىرىشىدۇ» دېگەن.

خىتاي ئوتتۇرا ئاسىيا ئاخبارات خادىملىرىنى شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئۈرۈمچى، سانجى، تۇرپان، ئىلى ۋىلايىتى ۋە باشقا جايلاردا ئالدىن تەييارلانغان ئورۇنلارنى زىيارەت قىلدۇرۇپ كۆز بويامچىلىق قىلغان.

لوندون خان جەمەتى بىرلەشمە ئارمىيە ئىنستىتۇتىنىڭ ئالىي تەتقىقاتچىسى رافېللو پانتۇچى بۇ ھەقتە: «بۇ ئالاھىدە زىيارەت مېنىڭچە خىتاي-ئوتتۇرا ئاسىيا مۇناسىۋىتىگە بەك تەسىر كۆرسەتمەيدۇ، بولۇپمۇ خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىدە تارقىتىۋاتقان يالغان، ساختا خەۋەرلىرى ئوتتۇرا ئاسىيالىقلاردا گۇمان پەيدا قىلىشى مۇمكىن» دېگەن.

خىتاينىڭ بۇ قېتىملىق زىيارەت ئۆمىكىنى تەشكىللەشتىكى ھەقىقىي مەقسىتىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ئاخبارات ۋاستىلىرىنى خىتاينىڭ يالغان تەشۋىقاتىغا يانتاياق بولۇشقا رىغبەتلەندۈرۈش ئىكەنلىكى ئىلگىرى سۈرۈلمەكتە.

**Uluslararası Çalışma Örgütü'nün Doğu Türkistan Ziyaretine İlişkin Açıklama**

Nikkei Asia'nın 4 Eylül'deki haberine göre Uluslararası Çalışma Örgütü (ILO) Çalışma Standartları Dairesi Başkanı Corinne Vargha liderliğindeki bir grup delege Doğu Türkistan'ı ziyaret etti. Uluslararası basından uzak gerçekleştirilen bu ziyaret dünya kamuoyunda yankılanan bölgedeki zorla çalıştırma ve diğer işçi hakları ihlallerine ilişkin suçlamalara karşı Çin yerel basınında bir fırsat olarak değerlendirildi. Çin basınından görüşme sonucunda ILO delegelerinin "adil ve objektif bir tutum sergileyeceği" yönündeki umut dile getirildi. ILO sözcüsü ise bu ziyaretin "Çin'in istihdam ve meslekte ayrımcılığın yanı sıra zorla çalıştırmaya ilişkin yasalar ve onaylanmış uluslararası çalışma sözleşmelerinin uygulanmasına ilişkin teknik tartışmalar" düzenlemek üzere yapıldığını açıkladı.

Çin 2005 yılından beri Doğu Türkistanlı gençleri "artı iş gücü" olarak nitelendirerek, Çin'in kıyı bölgelerindeki fabrikalara ucuz iş gücü olarak göndermektedir. Çin medyasının bu husustaki haberlerine göre Çin devleti her yıl Doğu Türkistan'dan 100 binlerce genci bu program kapsamında Çin'in iç eyaletlerindeki fabrikalara pazarlamaktadır. Bu sayı Doğu Türkistan içerisinde pamuk ve domates tarlalarında zorla çalıştırılan mevsimlik işçileri içermemektedir. 2014 yılında inşa edilen toplama kamplarında da zorla çalıştırmanın mevcut olduğu ve çalışma koşullarının uluslararası çalışma standartlarından çok uzak olduğu uzmanlar ve araştırmacılar tarafından kanıtlanmıştır. Eylül 2022'de ILO tarafından yayınlanan "Modern Köleliğin Küresel Tahminleri : Zorla Çalıştırma ve Zorla Evlendirme" adlı raporda Uygurlara ve diğer etnik gruplara karşı zorla veya zorunlu çalıştırma uygulamaların mevcut olduğu, Çin hükümetinin esas olarak Doğu Türkistan'daki Müslümanlara karşı mesleki eğitim kamplarına yerleştirme politikası yürüttüğünü ortaya koymuştur. Kamplardan ayrılma imkânının olmadığı ve köylerde "artı iş gücü" olarak nitelendirilen insanların işgücü transferi ile Çin'in diğer eyaletlerine gönderildiği bu raporda belirtilmiştir. Rapor bu tür uygulamaların niteliği ve etkisi bakımından ayrımcı olduğuna, baskı unsurları içerdiğine dair göstergelerin bulunduğuna varmıştır.

Çin, 12 Ağustos 2022'de 1930 ILO Zorla Çalıştırma Sözleşmesi (No. 29) ve 1957 Zorla Çalıştırmanın Kaldırılması Sözleşmesini (No. 105) onayladı. Bu sözleşme üye devletlerin "zorla veya zorunlu çalıştırmanın herhangi bir biçimini yasaklamalarını ve kullanmamalarını" gerektirmektedir. Çin devleti bu sözleşmeyi onaylamasına rağmen, hükümetin Doğu Türkistan'da bu sözleşmenin yükümlülüklerini yerine getiremediğine dair ciddi şüpheler mevcuttur.

Biz, U[illegible]arası Doğu T[illegible]st[illegible]n ST[illegible]lar Birliği olarak:

1. Uluslararası Çalışma Örgütü'nün, Çin'in sahte propagandasına aldanmadan Doğu Türkistan'ın gerçek durumunu açığa çıkarma[illegible] ve uluslararası [illegible] güvenilir kaynaklarla bilgilendirmesini talep ediyoruz.

2. ILO'yu k[illegible]ruluş [illegible] uygun hareket etmeye çağırıyor[illegible] ILO'dan Doğu Türkistan'daki zorla çalıştırma ve işçi hakları ihlallerinin durdurulma[illegible] talep etmesini [illegible]yoruz.

3. ILO'nun sürekli olarak Doğu Türkistan'daki çalışma koşullarını ve işçi haklarını takip etmesini, Doğu Türkistan'da [illegible] ile [illegible] olarak yıllık rapor yayınlam[illegible] talep e[illegible].

# تەشكىلاتلار بىرلىكى خەلقئارا ئەمگەك تەشكىلاتىنىڭ شەرقىي تۈركىستان زىيارىتى ھەققىدە بايانات ئېلان قىلدى

خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ تارماق ئورگىنى بولغان خەلقئارا ئەمگەك تەشكىلاتىنىڭ يېقىندا شەرقىي تۈركىستاننى زىيارەت قىلغانلىقىغا قارىتا بايانات ئېلان قىلدى.

نىككېي ئاسىيانىڭ 4-سېنتەبىردىكى خەۋىرىگە ئاساسلانغاندا، خەلقئارا ئەمگەك تەشكىلاتى ئەمگەك ئۆلچىمى بۆلۈمىنىڭ باشلىقى كورىننا ۋارگا باشچىلىقىدىكى بىر تۈركۈم ۋەكىللەر شەرقىي تۈركىستاننى زىيارەت قىلغان بولۇپ، خەلقئارالىق تاراتقۇلاردىن يوشۇرۇن دىگۈدەك داۋاملاشقان بۇ زىيارەت خىتاي يەرلىك تاراتقۇلىرى تەرىپىدىن دۇنيا جامائەت پىكرىدە شەكىللەنگەن مەجبۇرىي ئەمگەك ۋە باشقا ئەمگەك ھوقۇقى دەپسەندىچىلىكىگە قارشى تۇرۇش پۇرسىتى، دەپ قارالغان.

خىتاي تاراتقۇلىرى خەلقئارا ئەمگەكچىلەر بىرلەشمىسى ۋەكىللىرىنىڭ زىيارەت نەتىجىسىدە ئادىل ۋە ئوبيېكتىپ پوزىتسىيەدە بولۇشىنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى جار سالغان بولۇپ، خەلقئارا ئەمگەكچىلەر تەشكىلاتى باياناتچىسى بۇ زىيارەتنىڭ خىتاينىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش ۋە كەسىپتىكى كەمسىتىش قاتارلىقلاردىن باشقا يەنە مەجبۇرىي ئەمگەككە مۇناسىۋەتلىك قانۇنلار ۋە تەستىقلانغان خەلقئارا ئەمگەك ئەھدىنامىسىنىڭ ئىجرا قىلىنىشىغا ئالاقىدار تېخنىكىلىق مۇزاكىرىلەر ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى بۇ مۇناسىۋەت بىلەن بايانات ئېلان قىلىپ، 2005-يىلىدىن باشلاپ، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ياشلارنى ئاتالمىش «ئېشىنچا ئەمگەك كۈچى» نامىدا خىتاينىڭ دېڭىز بويى رايونلىرىدىكى زاۋۇتلارغا ئەرزان ئەمگەك كۈچى سۈپىتىدە ئەۋەتىپ كېلىۋاتقانلىقى، خىتاي تاراتقۇلىرىنىڭ بۇ ھەقتىكى خەۋەرلىرىدە خىتاي رېجىمىنىڭ ھەر يىلى بۇ پىلانغا ئاساسەن شەرقىي تۈركىستاندىن نەچچە يۈزمىڭلىغان ياشنى خىتاي ئۆلكىلىرىدىكى زاۋۇتلارغا سېتىۋاتقانلىقى، بۇ سان شەرقىي

تۈركىستاندىكى پاختا ۋە پەمىدۇر ئېتىزىدا ئىشلەشكە مەجبۇرلانغان پەسىللىك ئىشچىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدىغانلىقى تەكىتلىدى.

باياناتتا شەرقىي تۈركىستاندىكى جازا لاگېرلىرىدا مەجبۇرىي ئەمگەكنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكى ۋە خىزمەت شارائىتىنىڭ خەلقئارا ئەمگەك ئۆلچىمىدىن يىراق ئىكەنلىكىنىڭ ئىسپاتلانغانلىقى، خەلقئارا ئەمگەكچىلەر تەشكىلاتى 2022-يىلى 9-ئايدا ئېلان قىلغان «زامانىۋى قۇللۇقنىڭ يەرشارى مۆلچەرى: مەجبۇرىي ئەمگەك ۋە مەجبۇرىي نىكاھ» ناملىق دوكلاتىدا، خىتاي رېجىمىنىڭ ئاتالمىش كەسپىي تەربىيەلەش نامىدىكى لاگېرلارغا ئورۇنلاشتۇرۇش سىياسىتىنىڭ ئاساسلىق شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە قارىتىلغانلىقى، بۇ يەرلەردە مەجبۇرىي ئەمگەك ئىجرا قىلىنىۋاتقانلىقى، لاگېردىن ئايرىلىشنىڭ مۇمكىنچىلىكى يوقلۇقى ۋە كەنتلەردە خەلقنىڭ ئاتالمىش «ئېشىنچا ئەمگەك كۈچى» نامى بىلەن خىتاينىڭ باشقا ئۆلكىلىرىگە ئەۋەتىلىدىغانلىقى بايان قىلىندى.

باياناتتا بۇ خىل قىلمىشلارنىڭ خاراكتېرى ۋە تەسىرى جەھەتتىن كەمسىتىش ۋە زۇلۇم ئامىللىرى بارلىقى يەكۈنلەنگەنلىكى ئەسكەرتىلىپ: «بىز خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن:

1. خەلقئارا ئەمگەك تەشكىلاتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى ئاشكارىلاپ، خىتاينىڭ يالغان تەشۋىقاتىغا ئالدانماي، ئىشەنچلىك مەنبەلەر بىلەن خەلقئارا جامائەت پىكرىنى خەۋەردار قىلىشىنى تەلەپ قىلىمىز.

2. خەلقئارا ئەمگەكچىلەر تەشكىلاتىنى قۇرۇلۇش مەقسىتىگە ئاساسەن ھەرىكەت قىلىشقا چاقىرىمىز ۋە خەلقئارا ئەمگەكچىلەر تەشكىلاتىدىن شەرقىي تۈركىستاندىكى مەجبۇرىي ئەمگەك ۋە ئەمگەك ھوقۇقىغا دەخلى-تەرۇز قىلىش قىلمىشىنى توختىتىشنى خىتايدىن تەلەپ قىلىشقا چاقىرىمىز.

3. خەلقئارا ئەمگەكچىلەر تەشكىلاتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى خىزمەت شارائىتى ۋە ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ھوقۇقىنى توختىماي كۆزىتىپ، شەرقىي تۈركىستاندىكى خىزمەت ئەھۋالى توغرىسىدا يىللىق دوكلات ئېلان قىلىشىنى تەلەپ قىلىمىز» دېگەن نۇقتىلار تەكىتلەندى.



ھىندىستاننىڭ پايتەختى يېڭى دېھلىدا ئۆتكۈزۈلگەن 20 دۆلەت گۇرۇھى باشلىقلار يىغىنىدا ھىندىستان، ئوتتۇرا شەرق ۋە ياۋروپانى بىر-بىرىگە تۇتاشتۇرىدىغان «ھىندىستان-ئوتتۇرا شەرق-ياۋروپا ئىقتىسادىي كارىدورى» قۇرۇلۇشى ئۈچۈن چۈشىنىش ئەسلەتمىسى ئىمزالاندى.

بۇ قۇرۇلۇش خىتاينىڭ تارىخىي يىپەك يولىنى جانلاندۇرۇش نامى بىلەن ئوتتۇرىغا قويغان ئاتالمىش «بىر بەلباغ، بىر يول» پىلانىغا قارشى تەشەببۇس دەپ قارالغان بولۇپ، خەۋەر قىلىنىشىچە، ھىندىستان ساھىبخانلىق قىلغان «بىر دۇنيا، بىر ئائىلە، بىر كەلگۈسى» باش تېمىسىدىكى 18-نۆۋەتلىك 20 دۆلەت گۇرۇھى باشلىقلار يىغىنىدا ئۆتكۈزۈلگەن ئۇل ئەسلىھە ۋە مەبلەغ شېرىكلىرى ئۇچرىشىشىدا، ھىندىستاننى ئوتتۇرا شەرق ۋە ياۋروپاغا تۇتاشتۇرىدىغان دۆلەت ھالقىغان تۆمۈر يول ۋە دېڭىز تۈرى بولغان «ھىندىستان-ئوتتۇرا شەرق-ياۋروپا ئىقتىسادىي كارىدورى» تونۇشتۇرۇلغان.

يىغىندا ھىندىستان، ئامېرىكا، سەئۇدى ئەرەبىستان، ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى، فىرانسىيە، گېرمانىيە، ئىتالىيە ۋە ياۋروپا ئىتتىپاقى ئوتتۇرىسىدا ھىندىستان-ئوتتۇرا شەرق-ياۋروپا ئىقتىسادىي كارىدورى قۇرۇش توغرىسىدا چۈشىنىش ئەسلەتمىسى ئىمزالانغان. ئىمزا قويغان دۆلەتلەر گەرچە چەكلەش كۈچىگە ئىگە مالىيە ۋەدىسى بەرمىگەن بولسىمۇ، ئۇلار ئىككى ئاي ئىچىدە كارىدور بەرپا قىلىش ئۈچۈن ھەرىكەت پىلانى تەييارلاشقا قوشۇلغان.

دۇنيا ئىقتىسادىدىكى ئەڭ كەڭ دائىرىلىك مۇنبەر بولغان 20 دۆلەت گۇرۇھى باشلىقلار يىغىنى يىلدا بىر ئۆتكۈزۈلىدىغان بولۇپ، بۇ يىللىق يىغىنغا رۇسىيە پىرېزىدېنتى پۇتىن بىلەن خىتاي رىجىمى رەئىسى شى جىنپىڭ قاتناشمىغان. خىتايغا ۋاكالىتەن باش مىنىستىر لى چياڭ قاتناشقان بولۇپ، بۇ 2008-يىلىدىن بۇيان تۇنجى قېتىم خىتاي رەئىسىنىڭ بۇ يىغىنغا قاتناشماسلىقى ئىكەن.

گېرمانىيە تاراتقۇلىرى شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دېھلىدىكى 20 دۆلەت گۇرۇھى باشلىقلار يىغىنىغا قاتنىشىشنى تۇيۇقسىز ئەمەلدىن قالدۇرۇش ئارقىلىق، خەلقئارا جەمئىيەتنى قايمۇقتۇرغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، مۇتەخەسسىسلەرنىڭ شى جىنپىڭنىڭ يىغىنغا قاتناشماسلىقىدا ھەرخىل سەۋەبلەرنىڭ بارلىقىنى ئىلگىرى سۈرگەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ بىرىنىڭ ھىندىستان-خىتاي ئوتتۇرىسىدىكى تالاش-تارتىشلىق چېگرا مەسىلىسى، يەنە بىرىنىڭ يىرىكلىشىۋاتقان خىتاي-ئامېرىكا مۇناسىۋىتى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن ۋە شۇنداقلا شى جىنپىڭنىڭ خاتا قەدەم باسقانلىقىنى، تارىخىي پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويغانلىقىنى، بايدېننىڭ بولسا بۇ تارىخىي پۇرسەتتىن ياخشى پايدىلانغانلىقىنى ۋە خىتايغا قارشى كۈچلۈك ئىتتىپاق شەكىللەندۈرگەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن.

«فىرانكفورت دوكلاتى»نىڭ بىلدۈرۈشىچە، 20 دۆلەت گۇرۇھى باشلىقلار يىغىنىدا چوڭ دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدا يەنە بىر ئايلانما كۈچ تالىشىش بولغان بولۇپ، بايدېن خىتاينىڭ يىپەك يولى تۈرى بىلەن رىقابەتلىشىپ، ھىندىستان، ئوتتۇرا شەرق ۋە ياۋروپا ئوتتۇرىسىدىكى تۆمۈر يول قۇرۇلۇشىنىڭ قەدىمىنى ئاچقان ۋە «تارىخىي ئىقتىسادىي كارىدور» قۇرۇلغانلىقىنى ئېلان قىلغان.

ھىندىستان باش مىنىستىرى نارېندرا

مودى يىغىندا سۆزلىگەن نۇتقىدا: «بۈگۈن بۇ مۇھىم ۋە تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە شېرىكلىك توغرىسىدا كېلىشىم ھاسىل قىلىندى. ئالدىمىزدىكى مەزگىللەردە، (بۇ كارىدور) ھىندىستان، غەربىي ئاسىيا ۋە ياۋروپادا زور بىر ئىقتىسادىي گەۋدىلىشىشكە ۋاستە بولىدۇ» دېگەن ۋە بۇ كارىدورنىڭ دۇنيا مىقياسىدىكى ئۇلىنىش ۋە سىجىل تەرەققىياتقا يېڭى بىر يۆنىلىش بەلگىلەيدىغانلىقىنى سۆزلىرىگە ئىلاۋە قىلغان.

مەلۇم بولۇشىچە، بۇ تەشەببۇس ھىندىستان، ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى، سەئۇدى ئەرەبىستان، ياۋروپا ئىتتىپاقى، فىرانسىيە، ئىتالىيە، گېرمانىيە ۋە ئامېرىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىكەن.




ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى»نىڭ قورچاق رەئىسى ئەركىن تۇنىيازنىڭ باشچىلىقىدىكى ئۆمەك ۋېنگرىيەنى زىيارەت قىلغان بولۇپ، خەلقئارادا كۈنتەرتىپكە كېلىۋاتقان شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىدە ۋېنگرىيە خەلقىنى ئالداشقا ئۇرۇندى.

خىتاي خەلق تورىنىڭ خەۋەر قىلىشىچە، ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى»نىڭ قورچاق رەئىسى ئەركىن تۇنىياز ئۆمەك باشلاپ، 4-سېنتەبىردىن 6-سېنتەبىرگىچە ۋېنگرىيەدە زىيارەتتە بولغان بولۇپ، ۋېنگرىيە پارلامېنتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى لېزاك ساندور، ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان پارتىيە ياش دېموكراتچىلار ئىتتىپاقى پارتىيەسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى دۇناي مونىكا، ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئىشلىرى مىنىستىرى ناجى مارتون، دىپلوماتىيە ۋە تاشقى سودا مىنىستىرلىقىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى ماجيار لېۋېنتې، خەۋپسىزلىك سىياسىتى ۋە ئېنېرگىيە بىخەتەرلىك ئىشلىرىنىڭ مەسئۇلى ستالوي ئاندىراش قاتارلىق يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلار بىلەن كۆرۈشكەن.

زىيارەت جەريانىدا ئەركىن تۇنىياز: «شىنجاڭدا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى قوغدىلىپ، دىنلار ئىناقلىقى ئىشقا ئاشتى. خەلق تۇرمۇشى ياخشىلىنىپ، كەسىپلەر تەرەققىي قىلدى. شىنجاڭنىڭ روشەن رايون ئەۋزەللىكى، بايلىق ۋە كەسىپ ئەۋزەللىكى، سۈپا ئەۋزەللىكى

جارى بولدى» دېگەندەك قېلىپلىشىپ كەتكەن سەپسەتىلەرنى تەكرارلىغان.

ئەركىن تۈنىياز زىيارەتتە يەنە ۋېنگرىيە كارخانىچىلىرى ۋە يالىلىغۇچىلار جەمئىيىتى، خىتاي بانكىسى ۋېنگرىيە شۆبە بانكىسى قاتارلىق ئورۇنلاردىكى مەسئۇللار بىلەن كۆرۈشكەن بولۇپ، ئۆمەك بىلەن بىللە بارغان كارخانىلار خىتاي-ياۋروپا سودا ئەشيا ئوبوروتى باغچىسى بىلەن ھەمكارلىق كېلىشىمى ئىمزالىغان،

خىتاي شەرقىي تۈركىستاندا داۋاملاشتۇرۇۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى ۋېنگرىيە خەلقىدىن يوشۇرۇش، كۆز بوياش ئۈچۈن تەشكىللىگەن مەزكۇر زىيارەتتە قورچاق ئەمەلدار ئەركىن تۈنىياز خىتاي رېجىمى ئورۇنلاشتۇرغىنى بويىچە جۆيلۈپ: «مەركىزىي ھۆكۈمەت شىنجاڭ خىزمىتىگە يۈكسەك كۆڭۈل بۆلۈپ، غەمخورلۇق قىلدى» دېيىش ئارقىلىق ئىشغالىيەتچى خىتاي رېجىمىنى ئاغزى-ئاغزىغا تەگمەي ماختىغان.

ئەركىن تۈنىياز بۇ سەپسەتىلىرى بىلەن جار سېلىۋاتقاندا بولسا، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا تۇتقۇن قىلىش، ھەر خىل باھانىلەر بىلەن جازا لاگېرى ۋە تۈرمىلەرگە سولاپ زىيانكەشلىك قىلىش قاتارلىق ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتى داۋاملاشماقتا.



# فىرانسىيە ئاگېنتلىقىنىڭ زىيارىتى ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ داۋاملىشىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىپ بەردى

خىتاي شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن تۈرلۈك ئۇسۇللارنى ئىشقا سېلىۋاتقان بولسىمۇ، فىرانسىيە ئاگېنتلىقى مۇخبىرلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستان زىيارىتى جەريانىدا بايقىغانلىرى ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ داۋاملىشىۋاتقانلىقىنى يەنە بىر قېتىم كۆرسىتىپ بەردى.

فىرانسىيە ئاگېنتلىقىنىڭ ئۈچ مۇخبىرى جازا لاگېرلارنىڭ ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن، بۇ يىل 7-ئايدا شەرقىي تۈركىستانغا بېرىپ، خىتاي

ئاتالمىش «تۇتۇپ تۇرۇش مەركىزى» دەپ دەۋا قىلغان بىر قىسىم جايلارنى زىيارەت قىلغان. مەزكۇر ئۈچ مۇخبىرنىڭ تەكشۈرۈش نەتىجىسى بولغان فرانسىيە ئاگېنتلىقىنىڭ تەپسىلىي خەۋەرىدە قەيت قىلىنىشىچە، مۇخبىرلار ئاۋسترالىيە ئەقىل ئامبىرى ئاۋسترالىيە ئىستراتېگىيەلىك سىياسەت ئىنستىتۇتى ئىلگىرى ئېلان قىلغان سۈنئىي ھەمراھ سۈرەتلىرى، خىتاي رېجىمى ئېلان قىلغان ھۆججەتلەر ياكى ئاشكارىلانغان ھۆججەتلەر ۋە باشقا ئۇچۇر مەنبەلىرىگە ئاساسەن بىر قىسىم تۇتۇپ تۇرۇش مەركەزلىرىنى ئېنىقلاپ چىققان. مۇخبىرلار بۇنىڭغا ئاساسەن ئالدى بىلەن تۇتۇپ تۇرۇش ئورنى دەپ ئاتالغان 26 ئورۇننى زىيارەت قىلغان.

ئۇلار زىيارەت جەريانىدا 26 ئورۇندىكى ئون ئورۇندا جازا لاگېرىنىڭ يەنىلا مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى بايقىغان. بۇ جايلاردا كۆزىتىش پونكىتى ئورنىتىلغان ۋە قاراۋۇللار قويۇلغاندىن باشقا، ئەتراپىتىكى تاملار سىم بىلەن قورشىلىپ نۇرغۇنلىغان كۆزىتىش كامېرالىرى ئورنىتىلغان.

مۇخبىرلار يەنە ئاۋسترالىيە ئىستراتېگىيەلىك سىياسەت تەتقىقات ئورنىنىڭ دوكلاتىدا ئېلان قىلىنغان، ئاتۇش شەھىرىگە يېقىن جايدا قۇرۇلغان سەككىز ئورۇندىكى جازا لاگېرىنى تەكشۈرگەن. تەكشۈرۈش جەريانىدا خىتاي رېجىمى قاتتىق توسقۇنلۇق قىلغان بولسىمۇ، بىراق ئۇلار بارلىق توسالغۇلارغا قارىماي ئەھۋال ئىگىلىگەن. بۇ لاگېرلارنىڭ بىرى 2017-يىلى سېلىنغان بولۇپ، كېيىن يەنە كېڭەيتىلگەن بولۇشى مۇمكىن ئىكەن. ئۇنىڭ ئەتراپىقا يەنە ئوخشاش بىنالار سېلىنغان.

مۇخبىرلار يەنە قەشقەر شەھىرىدىن بىر سائەت يىراقلىقتىقا جايلاشقان ئولتۇراق رايوندىكى بىنالار ئارىسىدا ئۈچ مېتىر ئېگىزلىكتە قورشاۋ تام سوقۇلغان ئورۇننى كۆرگەن ۋە بۇ قۇرۇلۇشنى ئاۋسترالىيە ئەقىل ئامبىرىنىڭ دوكلاتىدا ئېلان قىلىنغان سۈنئىي ھەمراھ سۈرىتىگە سېلىشتۇرۇپ، بۇ بىنانىڭ 2017-يىلى سېلىنغانلىقىنى، يېقىندا يەنە بۇ ئەتراپتا بىر قىسىم يېڭى بىنالارنىڭ سېلىنغانلىقىنى، ئۇنىڭغا قاراۋۇلخانا ۋە بىخەتەرلىك كىرىش ئېغىزى ئورنىتىلغانلىقىنى بايقىغان. ئەمما 2019-يىلدىكى سۈنئىي ھەمراھ سۈرەتلىرىدە ئاشكارىلانغان كۆزىتىش كامېراسى، تىكەنلىك سىم رىشاتكا ۋە كۆزىتىش مۇنارى چېقىۋېتىلگەنىكەن.

مۇخبىرلار تەكشۈرۈش داۋامىدا يەنە ئۇيغۇرلار ئولتۇراقلاشقان جايلاردا تاشلىۋېتىلگەن نۇرغۇن قورۇ ئۆيلەرنى بايقىغان. بۇ ئۆيلەرنىڭ كۆپىنچىسىدە ئىشىك قۇلۇپلانغان بولۇپ، سىرتتىن ئىچىدىكى كارىۋات، ئۈستەل، ئورۇندۇق ۋە باشقا ئۆي جابدۇقلىرىنى كۆرگەن. مۇخبىرلار بۇنىڭ ئائىلە ئەزالىرىنىڭ ھەممىسى تۇتقۇن قىلىنىش سەۋەبلىك ئادەمسىز قالغان ئۆيلەر ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلغان.

گەرچە خىتاي رېجىمى جىنايى قىلمىشىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن بىر قىسىم جازا لاگېرىنى ئۆزگەرتكەن بولسىمۇ، ئەمما كانادا سىمون فرازىر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ شەرقىي تۈركىستان ئىشلىرى مۇتەخەسسىسى دارىن بايلېر فرانسىيە ئاگېنتلىقىغا

يۈز مىڭلىغان كىشىنىڭ ئىنتايىن قاتتىق بىخەتەرلىك ئەسلىھەلىرى ئارقىلىق تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقان بولۇشى مۇمكىنلىكىنى، ئىلگىرى تۈرمىگە تاشلانغان بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ خىتاي تەسىس قىلغان ئاتالمىش «سانائەت باغچىلىرى»دا قاتتىق نازارەت ئاستىدا مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىنىۋاتقانلىقىنى ئېيتقان.

زىيارەت جەريانىدا مۇخبىرلار قاتتىق ئاۋارىچىلىككە دۇچ كەلگەن بولۇپ، ھەرقېتىم نامەلۇم ماشىنىلار ئۇلارغا ئەگىشىپ ئىزىغا چۈشكەن. بىر تۈركۈم نامەلۇم ئۇيغۇرلارمۇ مۇخبىرلارنىڭ تەكشۈرۈش خىزمىتىگە داۋاملىق كاشىلا قىلغان.

مۇخبىرلار يەنە يەكەن ناھىيەسى ئەتراپىدىكى تۆت يېزىنى زىيارەت قىلغان. ئۇ يەردىكى ئاھالىلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئۇيغۇر ئىكەن. گېرمانىيەلىك تەتقىقاتچى ئادرىيان زېنز ئىلگىرى خىتاي ئېلان قىلغان رەسمىي ھۆججەتلىرىگە ئاساسەن بۇ كەنتتىكى ئاھالىلەرنىڭ لاگېرغا قامىلىش نىسبىتىنىڭ ئالاھىدە يۇقىرى ئىكەنلىكىنى ئېنىقلىغانىدى. شەرقىي تۈركىستاندا ۋەزىيەت ئەڭ ناچار بولغان ۋاقىتتا، قۇرامىغا يەتكەنلەرنىڭ يېرىمى دېگۈدەك جازا لاگېرىغا قامالغان. مۇخبىر بۇ رايوندا نۇرغۇن ئۆيلەرنىڭ قۇلۇپلانغانلىقىنى كۆرگەن بولۇپ، ئاھالىلەرگە ئاۋارىچىلىك تېپىپ بەرمەسلىك ئۈچۈن، يەرلىك كىشىلەردىن كۆپ سوئال سورىمىغان. يەرلىك ئەمەلدارلار بولسا ئۇلارنىڭ سوئالىغا جاۋاب بېرىشنى رەت قىلغان. بەزىدە مۇخبىرلار بۇيرۇق بېرىلگەن ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن توسۇۋېلىنغان، ھەتتا قوغلاپ چىقىرىلغان.

فىرانسىيە ئاگېنتلىقىنىڭ خەۋەر قىلىشىچە، گەرچە خىتاي رېجىمى ئاتالمىش «كەسپىي تەربىيەلەش مەركەزلىرى»دىكى نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ «ئوقۇش پۈتتۈرگەن»دىن كېيىن مەركەزدىن ئايرىلغانلىقىنى دەۋا قىلىۋاتقان بولسىمۇ، يەنىلا نۇرغۇن كىشىلەر داۋاملىق يوقاپ كەتكەن. خىتاي رېجىمى ئەزەلدىن قانچە كىشىنىڭ تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقانلىقىنى ياكى نېمىگە ئاساسەن تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقانلىقىنى ئاشكارىلىمىغان.

فىرانسىيە ئاگېنتلىقىنىڭ تەپسىلىي خەۋىرىگە ئاساسلانغاندا، گەرچە نۇرغۇن كەنتلەردە خىتاينىڭ تۇتقۇن قىلىش ۋە باستۇرۇش ھەرىكىتىنى داۋاملىشىۋاتقانلىق ئالامەتلىرى بايقالغان بولسىمۇ، ئەمما ساياھەتچىلىك يەنىلا قاتتىق راۋاجلانغان. ساياھەتچىلەرنىڭ كۆپىنچىسى خىتايلار بولۇپ، نۇرغۇن كىشىلەر ساياھەتچىلەرنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن مىللىيچە كىيىملەرنى كىيىۋالغان. ئەمما مۇخبىر يېڭىسار ناھىيەسىدىكى زىيارىتى داۋامىدا قەبرىستانلىقتا دىنىي پائالىيەتنى چەكلەيدىغان مەزمۇنلار يېزىلغان پىلاكاتلارنى كۆرگەن. پىلاكاتلاردا قەبرىگە دۇئا قىلغاندا تىز پۈكۈپ ئولتۇرۇش، باش ئۇرۇش ياكى تىزلىنىپ ئولتۇرۇشقا رۇخسەت قىلىنمايدىغانلىقى يېزىلغان.

مۇخبىرلار يەنە بايقىشىچە، قەشقەر ئەتراپىغا جايلاشقان رايونلاردىكى نۇرغۇن مەسچىتلەر تاقىلىپ قالغان ياكى تاشلىنىپ قالغان. بەزى مەسچىتلەرنىڭ مۇنارلىرى چېقىۋېتىلگەن. يەنە بەزى مەسچىتلەرگە «پارتىيەنى سۆيۈش»، «ۋەتەننى سۆيۈش» دېگەندەك پىلاكاتلار ئېسىپ قويۇلغان. جۈمە كۈنى

قەشقەردىكى ئەڭ چوڭ مەسچىتكە ناماز ئوقۇغىلى كەلگەن چەكلىك ئۇيغۇرلارغا قارىغاندا ساياھەتچىلەرنىڭ سانى كۆپ ئىكەن. جۈمە نامىزى ۋاقتىدا يېقىن ئەتراپتىكى باشقا ئۈچ مەسچىتنىڭ ئىشىكى قۇلۇپلانغان.

كۆزەتكۈچىلەر فىرانسىيە ئاگېنتلىقى مۇخبىرلىرىنىڭ بۇ زىيارىتىنىڭ ئىنتايىن مۇھىم بىر پەيتتە ئىشقا ئاشقانلىقىنى، ئۇلارنىڭ كۆرگەنلىرى شەرقىي تۈركىستاندىكى ھەقىقىي ئەھۋالنىڭ پەقەت بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى، خىتاي شەرقىي تۈركىستاندا كەڭ كۆلەملىك تۇتقۇن قىلىش ھەرىكىتىنى داۋاملاشتۇرۇۋاتقانلىقىنى، بۇلارنى يوشۇرۇش ئۈچۈن شەرقىي تۈركىستانغا خىتاي ۋە چەت ئەلدىن ساياھەتچىلەرنى تەكلىپ قىلىپ، ئالدىن تەييارلانغان چەكلىك يەرلەرنى كۆرسىتىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرۈشمەكتە.




خىتاي ئوتتۇرا ئاسىيا ئەللىرىنى ئاساس قىلغان كۆپلىگەن دۆلەتلەردە تەسىر كۈچىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن جىددىي ھەرىكەت قىلىۋاتقان بولۇپ، يېقىندا ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىنىڭ ئاخبارات ئورگانلىرىنى شەرقىي تۈركىستاندا يىغىنغا چاقىرغان خىتاي رېجىمى ئالدىنقى ھەپتە ئۈرۈمچىدە يەنە ئاسىيا-ياۋروپا خەلقئارا مائارىپ مۇنبىرى ئۆتكۈزدى.

تەڭرىتاغ تورىنىڭ بۇ ھەقتىكى خەۋىرىدە قەيت قىلىنىشىچە، 15-سېنتەبىر ئۈرۈمچىدە «2023-يىللىق ئاسىيا-ياۋروپا كۆرگەزمىسى. مائارىپ خەلقئارا مۇنبىرى» ئۆتكۈزۈلگەن بولۇپ، پاكىستان، قازاقىستان قاتارلىق «بىر بەلباغ، بىر يول»نى قوللاۋاتقان دۆلەتلەردىن كەلگەن مائارىپ تارماقلىرىنىڭ ئەمەلدارلىرى ۋە 18 دۆلەتتىكى 56 ئالىي مەكتەپنىڭ مەكتەپ مۇدىرلىرى، مۇتەخەسسىسلەر قاتناشقان. قازاقىستان، قىرغىزىستان، تاجىكىستان، ئۆزبېكىستان قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ مۇئاۋىن مائارىپ مىنىستىرلىرى تور سىرتىدا ياكى سىنلىق تەرىقىدە سۆز

قىلغان. مۇنبەرگە يەنە شەرقىي تۈركىستان ۋە خىتاي ئۆلكىلىرىدىكى 100 دىن ئارتۇق ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئالاقىدار مەسئۇللىرى ۋە مۇتەخەسسىسلىرى قاتناشتۇرۇلغان.

قورچاق ئەمەلدار ئەركىن تۇنىياز ئېچىلىش مۇراسىمىدا سۆز قىلىپ، بۇ قېتىمقى مۇنبەرنى ئۆتكۈزۈشتىكى مەقسەتنىڭ ئاتالمىش «خىتاي-ئوتتۇرا ئاسىيا باشلىقلار يىغىنىنىڭ روھى ۋە شى جىنپىڭنىڭ سۆزلىرىنىڭ روھى»نى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، خىتاينىڭ «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرىدىغان دۆلەتلەر بىلەن بولغان مائارىپ ساھەسىدىكى ئالماشتۇرۇش، ھەمكارلىقنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئۈچۈن ياخشى ئاساس سېلىش ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلغان.

يىغىندا يەنە ھەرقايسى دۆلەتلەردىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ يىپەك يولى ئۇنىۋېرسىتېتلىرى ئىتتىپاقىغا قاتنىشىشىنى قوللاش، ياشلارنى خىتايغا كېلىپ ئوقۇشقا رىغبەتلەندۈرۈش، ئالىي مەكتەپلەر ئارا ئىلىم ئالماشتۇرۇش ۋە ئىختىساسلىقلارنى تەربىيەلەش ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىش قاتارلىقلار تەشەببۇس قىلىنغان. شۇ كۈنى «2023-يىللىق ئاسىيا - ياۋروپا كۆرگەزمىسى . مائارىپ خەلقئارا مۇنبىرى ئۈرۈمچى تەشەببۇسى» ئېلان قىلىنغان.

بۇ يىل ماي ئېيىدا خىتاينىڭ شىئەن شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن خىتاي-ئوتتۇرا ئاسىيا باشلىقلىرى يىغىنىدىن كېيىن، خىتاي بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى زور مىقدارلىق ئىقتىسادىي كېلىشىم ئىمزالانغانىدى. خىتاي رېجىمىنىڭ بۇلارغا ماس ھالدا ئاخبارات، مائارىپ ساھەسى ئارقىلىق ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى يۇمشاق كۈچىنى ئاشۇرۇش ئۇرۇنۇشلىرى دىققەت قوزغىماقتا.



خىتاي شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى خىتاينىڭ تىل-يېزىقىنى قوللىنىشقا مەجبۇرلاش تەدبىرىنى كۈچەيتكەن بولۇپ، شەرقىي تۈركىستاندىكى خىتاي رېجىمى خىتاي ئورتاق تىلىنى ئومۇملاشتۇرۇش تەشۋىقات ھەپتىلىكى پائالىيىتى تەشكىللىگەن.

تەڭرىتاغ تورىنىڭ خەۋەر قىلىشىچە، 11-سېنتەبىردىن 17-سېنتەبىرگىچە ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى تەشۋىقات بۆلۈمى»، ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتى» (ئاپتونوم رايونلۇق تىل-يېزىق كومىتېتى ئىشخانىسى) قاتارلىق سەككىز تارماق بىرلىشىپ، 26-نۆۋەتلىك مەملىكەت بويىچە خىتاي تىلىنى ئومۇملاشتۇرۇش تەشۋىقات ھەپتىلىكى پائالىيىتى تەشكىللىگەن.

بۇ يىل 7-ئايدىن باشلاپ، ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق» سانائەت ۋە ئۇچۇرلاشتۇرۇش نازارىتى، ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتى، يېزا ئىگىلىكى-يېزا نازارىتى، مەدەنىيەت ۋە ساياھەت نازارىتى، ئىتتىپاق كومىتېتى، ئاياللار بىرلەشمىسى قاتارلىق تىل-يېزىق كومىتېتىغا ئەزا ئورۇنلارنىڭ ھەمكارلىقىدا ئاتالمىش «ئاپتونوم رايونلۇق» مائارىپ نازارىتى (ئاپتونوم رايونلۇق تىل - يېزىق خىزمىتى كومىتېتى ئىشخانىسى) ئاتالمىش «شىنجاڭ رادىيو-تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى» بىلەن بىرلىشىپ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا خىتاي تىل-يېزىقىنى ئۆگىنىش، ئىشلىتىشتىكى 400 دىن ئارتۇق تاللانغان كىشىنى يىغقان ۋە بۇلارنىڭ ئىچىدىن «خىتاي ئورتاق تىلى ئۆگىنىش ماھىرى»دىن ئون كىشىنى باھالاپ چىقىپ مۇكاپات تارقاتقان.

بۇ نۆۋەتلىك ئاتالمىش «خىتاي ئورتاق تىلىنى ئومۇملاشتۇرۇش تەشۋىقات ھەپتىلىكى پائالىيىتى» باشلانغاندىن كېيىن، شەرقىي تۈركىستاندىكى ھەرقايسى جايلاردا تەشۋىقات، مەسلىھەت بېرىش سۇپىسى تەسىس قىلىش، خىتاي كىلاسسىك ئەسەرلىرىنى دېكلاماتسىيە قىلىش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈش، دېھقان-چارۋىچىلار كەچلىك كۇرسىدا دەرس ئۆتكۈچى خادىملار ئۈلگە كۆرسىتىش كۇرسى ئېچىش، ئائىلە بويىچە بىرلىكتە خىتاي ئورتاق تىل-يېزىقىنى ئۆگىنىش دېگەندەك پائالىيەتلەرنى تەشكىللەپ، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى خىتاي تىل-يېزىقىنى ئۆگىنىشكە، ئىشلىتىشكە مەجبۇرلىغان.

خىتاي رېجىمى شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايەتلىرىنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇش بىلەن بىرگە، مىليونلىغان ئۇيغۇرلارنى ئاتالمىش ياتاقلىق مەكتەپلەردە خىتايلاشتۇرۇشتىن سىرت، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى خىتاي تىل-يېزىقىنى ئۆگىنىش ۋە ئىشلىتىشكە مەجبۇرلاپ كەلمەكتە.



# ئەردوغان ۋە بايدېن ب د ت يىغىنىدا ئۇيغۇرلار ھەققىدىمۇ توختالدى

تۈركىيە پرېزىدېنتى رەجەپ تايىيىپ ئەردوغان بىلەن ئامېرىكا پرېزىدېنتى جوۋ بايدېن ب د ت نىڭ يىللىق يىغىنىدا ئۇيغۇرلار مەسىلىسىنى تىلغا ئېلىپ، كۈنتەرتىپكە كەلتۈردى.

تۈركىيە پرېزىدېنتى رەجەپ تايىيىپ ئەردوغان ب د ت نىڭ 78-نۆۋەتلىك ئومۇمىي يىغىنىدا سۆزلىگەن نۇتقىدا ئۇيغۇر مەسىلىسىنىمۇ تىلغا ئېلىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ھەق-ھوقۇقلىرى ۋە ئەركىنلىكىنىڭ قوغدىلىشىغا سەزگۈر قارايدىغانلىقىنى ۋە بۇنى كۈنتەرتىپتە تۇتىدىغانلىقىنى تەكىتلىدى.

ئەردوغان بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى خەۋپسىزلىك كېڭىشىدە دۇنيا رەھبەرلىرىگە قىلغان خىتابىدا، نۆۋەتتىكى ب د ت نىڭ دۇنيا بىخەتەرلىكىنىڭ كاپالىتى بولۇشنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، بەش دۆلەتنىڭ سىياسىي ئىستراتېگىيەسىنىڭ توقۇنۇش مەيدانىغا ئايلىنىپ قالغانلىقىنى يەنە بىر قېتىم ئوتتۇرىغا قويدى.

ئەردوغان ب د ت رەھبەرلىكىدە دۇنيانىڭ بىخەتەرلىكى، تىنچلىقى ۋە پاراۋانلىقىغا كاپالەتلىك قىلىشقا مەسئۇل ئورگانلارنى تېزدىن قايتا تەشكىللەشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تەكىتلەپ: «جۇغراپىيەسى ۋە نوپۇسى بىلەن دۇنيادىكى بارلىق مىللەتلەر، ئېتىقادلار، مەدەنىيەتلەرگە ۋەكىللىك قىلالايدىغان بىر دۇنياۋى باشقۇرۇش مېخانىزمى بەرپا قىلىشىمىز كېرەك» دېدى.

ئۇ سۆزىدە يەنە داۋام قىلىۋاتقان رۇسىيە-ئۇكرائىنا ئۇرۇشى ۋە تۈركىيەنىڭ بۇ مەسىلىدە تۇتقان پوزىتسىيەسى ۋە تۈركىيەنىڭ ھەر ئىككى دۆلەت بىلەن ساقلاپ كېلىۋاتقان كۈچلۈك مۇناسىۋىتى ۋە بۇنىڭ نەتىجىسىدە روياپقا چىقارغان قارا دېڭىز ئاشلىق كاردورى كېلىشىمى، پەلەستىن، سۈرىيە، لىۋىيە، تۈركىيە-ياۋروپا مۇناسىۋەتلىرى، كىلىمات ئۆزگىرىشى، ئىسلاموفوبىيا، قۇتۇپلىشىش، ئايرىمچىلىق، ئەزەربەيجان-ئەرمېنىيە مۇناسىۋىتى، شەرقىي تۈركىستان، روھىنگا مۇسۇلمانلىرىنىڭ باشتىن كەچۈرۈۋاتقانلىرى قاتارلىق كۆپلىگەن تېمىلاردا ئەتراپلىق توختالدى.

ئەردوغان ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىلغان سۆزىدە، ھەر يىلدىكىدەك خىتاينىڭ زېمىن پۈتۈنلۈكى ۋە ئىگىلىك ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى ۋە سۆزىنىڭ داۋامىدا: «بۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە كۆچلۈك تارىخىي ۋە ئىنسانىي مۇناسىۋىتىمىز بولغان ئۇيغۇر تۈركلىرىنىڭ ھوقۇقى ۋە ئەركىنلىكىنى قوغداشقا بولغان سەزگۈرلۈكىمىزنى داۋاملىق ئىپادىلەپ، ئۇنى كۈنتەرتىپتە تۇتۇشنى داۋاملاشتۇرىمىز» دېدى.

شۇنداقلا ب د ت يىغىنىدا سۆز قىلغان ئامېرىكا پرېزىدېنتى جوۋ بايدېنمۇ نۆۋەتتە دۇنيا ئۇچۇن مۇھىم بولۇۋاتقان بىر قىسىم زور مەسىلىلەرنى تىلغا ئېلىش جەريانىدا ئۇيغۇرلارنىمۇ مىسال قىلىپ ئۆتتى. ئۇ: «دۇنيا جامائىتى جەزمەن تىنچلىقنى ساقلاش، توقۇنۇشتىن ساقلىنىش ۋە ئازاب چېكىۋاتقان ئىنسانلارنىڭ دەردىنى يېنىكلىتىشكە كۈچ چىقىرىشى لازىم» دېدى ۋە نۆۋەتتە دۇنيا مىقياسىدا كىشىلىك ھوقۇقنىڭ دەپسەندە بولۇشى ئېغىرلاپ كېتىۋاتقانلىقىنى، ئەمما بۇنىڭ 70 نەچچە يىل ئىلگىرىلا ب د ت ئەھدىنامىسىدە مەنئى قىلىنغان ئىشلار قاتارىدىن ئورۇن ئالغانلىقىنى ئەسكەرتىپ، بۇنىڭغا مىسال قاتارىدا شەرقىي تۈركىستاننى تىلغا ئېلىپ: «كىشىلىك ھوقۇقنىڭ دەپسەندە بولۇشى مەيلى شىنجاڭدا بولسۇن، ياكى تېھراندا بولسۇن بىردەك ئاياغلىشىشى لازىم. ئىنسانلار ئازاب چېكىۋاتىدۇ. ئامېرىكا تېخىمۇ بىخەتەر، ئاۋات ۋە ئادالەتلىك بولغان بىر دۇنيانى كۆرۈشنى خالايدۇ. چۈنكى بىزنىڭ كەلگۈسىمىز ھەرقاچان سىلەرنىڭ كەلگۈسىڭلار بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان» دېگەن ئىپادىلەرنى ئىشلەتتى.

كۆزەتكۈچىلەر ئەردوغاننىڭ بۇ يىلقى ب د ت خىتابىدىكى ئۇيغۇرلار ھەققىدە ئىشلەتكەن سۆزلىرىنىڭ ئىلگىرىكى يىللارغا قارىغاندا تېخىمۇ كۈچلۈك بولغانلىقىنى، ئەمما خىتاينىڭ زېمىن پۈتۈنلۈكى ھەققىدىكى سۆزلىرىنىڭ بولسا ئىنتايىن كەڭ مەنىلىك سىياسىي ئاتالغۇ ۋە دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى كېلىشىم ۋە مۇناسىۋەتلەرگە باغلىق مەسىلە ئىكەنلىكىنى، ۋاقتى كەلگەندە ئۇنىڭ بىردەمدىلا باشقا مەنە ئىپادىلەيدىغان سۆزگە ئايلىنىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشمەكتە.



ئامېرىكا «دىيالوگ فوندى»نىڭ 21-سېنتەبىر ئاشكارىلىشىچە، ئۇزۇندىن بۇيان تۇتقۇندا تۇرۇۋاتقان ئۇيغۇر فولكلورشۇناس، ئاتالمىش «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى»نىڭ پىروفېسسورى، دوكتور راھىلە داۋۇتنىڭ خىتاي رېجىمى تەرىپىدىن مۇددەتسىز قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغانلىقىنى دەلىللىگەن.

كىشىلىك ھوقۇق ئورگىنى «دىيالوگ فوندى»نىڭ بىلدۈرۈشىچە، ئۇلار بۇ ئۇچۇرنى خىتاينىڭ بىر ھۆكۈمەت ئەمەلدارىدىن ئىگىلىگەن بولۇپ، مەزكۇر خىتاي ئەمەلدارنىڭ دەلىللىشىچە، دوكتور راھىلە داۋۇت تۇتقۇن قىلىنىپ بىر يىلدىن كېيىن، 2018-يىلى 12-ئايدا «بۆلگۈنچىلىك»، يەنى «دۆلەت خەۋپسىزلىكىگە زىيان كەلتۈرۈش» جىنايىتى بىلەن ئۇرۇمچى شەھەرلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسىدە سوتلانغان ۋە مۇددەتسىز قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغانىكەن. راھىلە داۋۇت بۇ ھۆكۈمگە نارازىلىق بىلدۈرۈپ، ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق» ئالىي سوت مەھكىمىسىگە ئەرز سۇنغان بولسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ ئەرزى رەت قىلىنغان.

«دىيالوگ فوندى» نىڭ ئىلگىرى سۈرۈشىچە، پىروفېسسور راھىلە داۋۇت مۇددەتسىز قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە سىياسىي ھوقۇقىدىنمۇ ئۆمۈرلۈك مەھرۇم قىلىنغان.

دوكتور راھىلە داۋۇت ئۇيغۇر فولكلورى ۋە مازار تەتقىقاتى ساھەسىدە خەلقئارالىق شان-شەرەپكە ئىگە بولغان ئۇيغۇر ئالىمى ئىدى. ئۇ 2017-يىلىنىڭ ئاخىرى ئىز-دېرەكسىز غايىب بولغاندىن بۇيان، خىتاي رېجىمى ئۇنىڭ ئاقىۋىتى ھەققىدە ھېچقانداق ئۇچۇر بەرمەي كەلگەنىدى.

«دىيالوگ فوندى» نىڭ بىلدۈرۈشىچە، ئىلگىرى پىروفېسسور راھىلە داۋۇتقا ئۇزۇن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلگەنلىكى توغرىسىدا پەرەزلەر ئوتتۇرىغا چىققان بولسىمۇ، ئەمما بۇ خىتاي رېجىمى ئورگىنىدىكى ئىشەنچلىك مەنبەنىڭ تۇنجى قېتىم ئۇنىڭ مۇددەتسىز قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغانلىقىنى دەلىللىشى بولۇپ ھېسابلىنىدىكەن.

«دىيالوگ فوندى» نىڭ ئىجرائىيە ئەمەلدارى جون كام دوكتور راھىلە داۋۇتنىڭ مۇددەتسىز قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىشىنى «بۇ مىسلىسىز پاجىئە، شۇنداقلا ئۇيغۇر خەلقى ۋە ئىلىم-پەن ئەركىنلىكىنى قەدىرلەيدىغان بارلىق كىشىلەر ئۈچۈن زور بىر يوقىتىش» دېگەن.

دوكتور راھىلە داۋۇتنىڭ مۇددەتسىز قاماقتا ھۆكۈم قىلىنغانلىقى ھەققىدىكى بۇ ئەڭ يېڭى ئۇچۇر ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردا كەڭ تارقىلىپ كۈچلۈك ئىنكاس قوزغىماقتا.



# كۇڭزى ئىنستىتۇتىنىڭ بىشكەكتە تەرەققىي قىلىشى ئەندىشە پەيدا قىلدى

خىتاي رېجىمى يىللاردىن بۇيان تاجاۋۇزچىلىق، كېڭەيمىچىلىك، مېڭە يۇيۇش سىياسىتىدە ئەڭ كۆپ ئىشلىتىپ كېلىۋاتقان ۋە يامان غەرىزىنى نىقابلاش ئۈچۈن دۇنياغا يامىرىغان كۇڭزى ئىنستىتۇتلىرى بىر قىسىم غەرب ئەللىرى ۋە ئامېرىكىدىن قوغلاپ چىقىرىلغان بىر پەيتتە، ئۇنىڭ قىرغىزىستاندا تەرەققىي قىلىشى دىققەت قوزغىدى.

تەڭرىتاغ تورىنىڭ 22-سېنتەبىردىكى خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، قىسمەن قىرغىز ئوقۇتقۇچىلار خىتايغا تامامەن مايىل بولۇپ كەتكەن بولۇپ، بىشكەك دۆلەتلىك ئۇنىۋېرسىتېتى كۇڭزى ئىنستىتۇتىنىڭ قىرغىزىستان تەرەپ مۇدىرى گۈلزات ئىسماتوۋا مۇخبىرغا: «خىتاي قولغا كەلتۈرگەن بىر قاتار تەرەققىيات مۇۋەپپەقىيەتلىرى دۇنيانىڭ دىققىتىنى تارتتى، خىتاي تىل-يېزىقى ئۆگىنىش قىرغىزىستاندىكى ياش ئەۋلادلارغا دۇنياغا تۇتىشىدىغان دەرۋازىنى ئېچىپ بېرەلەيدۇ» دېگەن.

بىلدۈرۈلۈشىچە، بىشكەك دۆلەتلىك ئۇنىۋېرسىتېتىدا كۇڭزى ئىنستىتۇتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، كۇڭزى ئىنستىتۇتىنىڭ نىزامنامىسى بويىچە ئوقۇتۇش ۋە كۈندىلىك باشقۇرۇش تۈزۈملىرى تەدرىجىي مۇكەممەللەشتۈرۈلگەن. ئىككى تەرەپ خىتاي تىل-يېزىقى ئوقۇتۇشى ۋە خىتاي- قىرغىزىستان مائارىپ-مەدەنىيەت قاتارلىق جەھەتلەردە ھەمكارلاشقان.

خىتاي قىرغىزىستاندا خىتاي مەدەنىيىتىنى كۈچەپ تەشۋىق قىلىشقا باشلىغان بولۇپ، بىشكەكتە كۇڭزى ئىنستىتۇتى قۇرۇلغاندىن تارتىپ ھازىرغىچە بىشكەك دۆلەتلىك ئۇنىۋېرسىتېتى كۇڭزى ئىنستىتۇتى يىغىن، لېكسىيە، بايرام تەبرىكلەش مۇراسىمى، ئەدەبىيات-سەنئەت پائالىيىتى، سۈرەت كۆرگەزمىسى، خىتاي تىلى

كۆۋرۈكى مۇسابىقىسى قاتارلىق 500 مەيدان قېتىمدىن ئارتۇق تۈرلۈك پائالىيەتلەرنى تەشكىللىگەن. بۇ پائالىيەتلەرگە نەچچە ئون مىڭ ئادەم قېتىم قاتناشقان.

مەلۇم بولۇشىچە، 2008-يىلى 15-ئىيۇن ئاتالمىش «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى» بىشكەك دۆلەتلىك ئۇنىۋېرسىتېتى بىلەن ھەمكارلىشىپ، قىرغىزىستاندا تۇنجى كۇڭزى ئىنستىتۇتىنى قۇرغان. بۇ 15 يىلدىن بۇيان خىتاي رېجىمى قىرغىز خەلقىنى خىتايلاشتۇرۇش ئۈچۈن كۈچەۋاتقان بولۇپ، بۈگۈنكى كۈندە بىشكەك دۆلەتلىك ئۇنىۋېرسىتېتى كۇڭزى ئىنستىتۇتىدا توققۇز كۇڭزى دەرسخانىسى، ئون ئوقۇتۇش نۇقتىسى تەسىس قىلىنغان. خىتاي تىل-يېزىقىنى ئۆگىنىدىغان قىرغىز ئوقۇغۇچىلار 4000 دىن ئاشقان.

كۆزەتكۈچىلەر خىتاينىڭ خەلقئارادا بولۇۋېمۇ رايوندا كېڭەيمىچىلىك قىلىۋاتقانلىقىنى، كۇڭزى ئىنستىتۇتى خىتاينىڭ كېڭەيمىچىلىك يولىنى ئاچىدىغان تەشۋىقات ۋە تەلىم-تەربىيە ئۇۋىسى ئىكەنلىكىنى، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستانغا تاجاۋۇز قىلىشتىن ئىلگىرى، ئالدى بىلەن خىتاي كوممۇنىستلىرىنى شەرقىي تۈركىستان خەلقى ئارىسىغا سوقۇپ كىرگۈزگەنلىكىنى، كوممۇنىستلار خىتاينىڭ يالغان تەشۋىقاتلىرىغا قىسمەن خەلقنى ئىشەندۈرگەنلىكىنى، ئارقىدىن شارائىت پىشىپ يېتىلگەندە، شەرقىي تۈركىستانغا تاجاۋۇز قىلىپ بېسىۋالغانلىقىنى، قىرغىزىستان خەلقىنىڭ خىتاينىڭ يالغان تەشۋىقاتلىرىغا ئالدانماسلىقى كېرەكلىكىنى، ئۇيغۇرلارنىڭ تەقدىرىدىن ئىبرەت ئېلىشى كېرەكلىكىنى بىلدۈرۈشمەكتە.



شەرقىي تۈركىستانلىقلار قېرىنداشلىق ئۇچرىشىشى ۋە
مىللىي بىرلىك شۇراسى غەلىبىلىك ئاياغلاشتى

15-نۆۋەتلىك دۇنيا شەرقىي تۈركىستانلىقلار قىرىنداشلىق ئۇچرىشىشى ۋە 6-نۆۋەتلىك شەرقىي تۈركىستان مىللىي بىرلىك شۇراسى 30 نەچچە دۆلەتتىن كەلگەن مېھمانلارنىڭ قاتنىشىشى بىلەن، 23-سېنتەبىر ئىستانبۇلدا رەسمىي باشلاندى.

خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى تەرىپىدىن ھەرىيلى ئۆتكۈزۈلۈپ كېلىۋاتقان مەزكۇر يىغىن 23-سېنتەبىر ئەتىگەن ئىستانبۇلدا تۈركىيەدىكى ھەرقايسى سىياسىي پارتىيە رەئىسلىرى ۋە ۋەكىللىرى، پىرېزىدېنت ئەردوغاننىڭ مەسلىھەتچىلىرى، ئاممىۋى تەشكىلاتلارنىڭ رەئىسلىرى، شۇنداقلا دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرىنىڭ مەسئۇللىرى، ئۆلىمالار، زىيالىيلار ۋە جامائەت ئەربابلىرىنىڭ قاتنىشىشى بىلەن رەسمىي باشلاندى.

يىغىن قۇرئان كەرىم تىلاۋىتى، ئارقىدىن ئىككى دۆلەت ئىستىقلال مارشلىرى بىلەن باشلانغان بولۇپ، ئارقىدىن خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى رەئىسى ھىدايەتۇللاھ ئوغۇزخاننىڭ ئېچىلىش نۇتقى بىلەن داۋام قىلدى.

ئۇ سۆزىدە ھەرقايسى دۆلەتلەردىن كەلگەن ۋەكىللەر، دۆلەت ئەربابلىرى ۋە ژۇرنالىستلارغا قەدەم تەشرىپ قىلغانلىقى ئۈچۈن رەھمەت ئېيتقاندىن كېيىن، بۇ يىل 15-يىلىغا قەدەم قويغان دۇنيا شەرقىي تۈركىستانلىقلار قىرىنداشلىق ئۇچرىشىشى ۋە شەرقىي تۈركىستان مىللىي بىرلىك شۇراسى ۋە ئۇنىڭ مۇھاجىرەتتىكى شەرقىي تۈركىستان خەلقى ئارىسىدا ئىشەنچ ۋە ھەمكارلىق روھىنى قۇرۇپ چىقىش، بىرلىك ۋە ئىتتىپاقلىقنى روياپقا چىقىرىش ئۈچۈن ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسىتىش مەقسىتىدە باشلىغان قەدەملىرىنىڭ بۈگۈنكى كۈندە شەرقىي تۈركىستان دەۋاسى ئۈچۈن كۆرۈنەرلىك غەلىبىلەرنى ئېلىپ كەلگەنلىكى ۋە شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىق كۆرىشىنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي ۋە تەشكىلىي نۇقتىدىن تەرەققىي قىلىشىدا مۇھىم رول ئوينىغانلىقى ھەققىدە توختالدى ۋە بۇ ئۈچ كۈن جەريانىدا دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن مۇھاجىرەتتىكى شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ۋەكىللىك شەخسلىرى ۋە سەرخىللىرى بىلەن، شۇنداقلا شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىنى ئۇزۇن يىللاردىن بېرى قوللاپ كېلىۋاتقان سىياسەتچىلەر، ئاكادېمىكلار، ئالىملار ۋە تەشكىلات ۋەكىللىرى بىلەن بىرگە خىتاينىڭ خەلقئارا سىستېمىدىكى تەسىرى، شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىنىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىيىتى ۋە رېئال ھەل قىلىش چارىلىرىنى مۇھاكىمە قىلىدىغانلىقىنى، شۇنداقلا شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىنىڭ ئانالىزى، سىياسىي ئىمكانىيەتلەر ۋە مۇھاجىرەت جەمئىيىتىنىڭ قوغدىلىشى ھەققىدىكى جىددىي مۇزاكىرىلەر ئارقىلىق، ئۇزۇن مۇددەتلىك پىلانلارنى تۈزۈپ چىقىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئارقىدىن قىرىنداشلىق ئۇچرىشىشى تونۇشتۇرۇلغان قىسقا فىلىم قويۇلدى.

فىلىمدىن كېيىن جامائەت ئەربابى ئابدۇقادىر ياپچان سۆز قىلىپ، خىتاي بىلەن بولغان مۇجادىلىنىڭ كونكرېت سەۋەبلىرى ھەققىدە توختالدى. ئارقىدىن ياۋروپا ئىسلام كېڭىشى رەئىسى ھەيسەم ھەدداد، قاتار ئۇنىۋېرسىتېتى ئوقۇتقۇچىسى دوكتور مۇھەممەد ئەيياش قۇبەيسى، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى مۇئاۋىن رەئىسى ۋە ئىستراتېگىيە مۇتەخەسسىسى دوكتور

ئەركىن ئەكرەم، ئىيى پارتىيەسى رەئىس ۋەكىلى دوكتور ئايىۋجە تۈركەش تاش خانىم، كانادا شەرقىي تۈركىستان فېدېراتسىيەسى رەئىسى رۇقىيە تۇردۇش خانىم، ھەسەنە ئىنسانىي ياردەم ۋەقفى رەئىسى خېلىل ئايدىن، نوۋەتتە فىرانسىيەدە ياشاۋاتقان لاگېر شاھىتى گۈلباھار جېلىل خانىم، جامائەت چوڭلىرىدىن ئەركىن ئالپتېكىن، شىمالىي ماكېدونىيە ئىسلام دىنىي بىرلىكى باش كاتىپى ئىرسال ياقۇبى، سېربىيە ئىسلام جەمئىيىتى تەلىم-تەربىيە مۇدىرى باجازىد نىجەۋىچ، سائادەت پارتىيەسى مۇئاۋىن رەئىسى ۋە ئىستانبۇل مىللەت ۋەكىلى مۇستافا كايا، ئىنسان ۋە مەدەنىيەت ھەرىكىتى قۇرغۇچى رەئىسى مەھمەت گۈنەي، كۇۋەيت پارلامېنت ئەزاسى ۋە كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتى رەئىسى دوكتور مۇھەممەد ھايىف ئەلمۇتەيرى، تۈركىيە پرېزىدېنتى رەجەب تايىيب ئەردوغاننىڭ باش مەسلىھەتچىلىرىدىن ئەھمەت سەلىم ۋە ئايخان ئوغان ئەپەندىلەر ئارقا-ئارقىدىن سۆزگە چىقتى ۋە ئالدى بىلەن پرېزىدېنت ئەردوغاننىڭ سالامىنى يەتكۈزدى ۋە بۇ مۇقەددەس دەۋانى ھەرگىز يالغۇز قويمايدىغانلىقىنى تەكىتلىدى ۋە ئەردوغاننىڭ: «خىتاينىڭ زېمىن پۈتۈنلۈكىنى ھۆرمەت قىلىمىز» دېگەن سۆزىنىڭ ئەسلا شەرقىي تۈركىستاننى ئۆز ئىچىگە ئالمايدىغانلىقىنى، شەرقىي تۈركىستاننىڭ مەيلى تارىخ جەھەتتىن بولسۇن، مەيلى مەدەنىيەت جەھەتتىن بولسۇن، ھېچقاچان خىتاي زېمىنىنىڭ بىر پارچىسى بولۇپ باقمىغانلىقىنى ۋە بۇندىن كېيىنمۇ بولمايدىغانلىقىنى تەكىتلىدى.

ئارقىدىن ئادالەت ۋە تەرەققىيات پارتىيەسىنىڭ سابىق پارلامېنت ئەزاسى پىروفېسسور دوكتور جالال ئەرباي، دوكتور ياسىن ئاقتاي ئەپەندىلەر، يېڭىدىن رەفاھ پارتىيەسى ئىستانبۇل پارلامېنت ئەزاسى دوغان بەكىن، بۈيۈك بىرلىك پارتىيەسى رەئىسى مۇستافا دەستىجى، تۈركىيە مۇئاۋىن مائارىپ مىنىستىرى نەزىف يىلماز قاتارلىقلار ئايرىم-ئايرىم سۆزگە چىقىپ، ئۆزلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن قوللايدىغانلىقىنى، شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىنىڭ كىچىكلىكتىن چوڭلۇققا، ئاجىزلىقتىن كۈچىيىشكە قاراپ يۈزلىنىۋاتقانلىقىنى، خىتاينىڭ بارلىق توسقۇنلۇقلىرىغا قارىماي يەنە نۇرغۇنلىغان پۈرسەتلەرنىڭ تۇغۇلۇۋاتقانلىقىنى، شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىنىڭ پەقەتلا شەرقىي تۈركىستان دەۋاسى بولۇپ قالماستىن، بەلكى ھەم تۈرك دۇنياسىنىڭ، ھەم ئىسلام دۇنياسىنىڭ ئورتاق مەسىلىسى بولۇشى كېرەكلىكىنى تەكىتلەشتى. شۇنداقلا ئۈچ كۈنلۈك يىغىن جەريانىدا بۇ تېمىلاردا ئايرىم ئايرىم مۇزاكىرىلەر بولىدىغانلىقىنى ئىپادىلەشتى.

23-سېنتەبىر چۈشتىن بۇرۇنقى ئېچىلىشتا رەئىس ھىدايەتۇللاھ ئوغۇزخان ۋە دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن ئۇيغۇر ۋە چەت ئەللىك مېھمانلار، مۇئاۋىن مىنىستىرلار، پرېزىدېنت باش مەسلىھەتچىلىرى، ھەرقايسى سىياسىي پارتىيەلەرنىڭ ۋەكىللىرى قاتارلىقلار ئايرىم-ئايرىم سۆز قىلغاندىن كېيىن، شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىندىن باشلاپ مۇھاكىمە يىغىنى تەرىقىسىدە داۋاملاشتى.

خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكىنىڭ تاشقى

ئىشلارغا مەسئۇل مۇئاۋىن رەئىسى ۋە شەرقىي تۈركىستان ئىنسان ھەقلىرى كۆزىتىش جەمئىيىتى رەئىسى نۇرمۇھەممەد تۈركىستانىي ئەپەندىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە داۋاملاشقان مۇھاكىمە يىغىنىدا، ئالدى بىلەن خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى ياۋروپا تاشقى ئىشلار مەسئۇلى، تەتقىقاتچى نىجات تۇرغۇن ياۋروپا-خىتاي مۇناسىۋىتى ۋە ئۇنى شەرقىي تۈركىستان دەۋاسى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش پۇرسەتلىرى ھەققىدە تەپسىلىي توختالدى.

ئارقىدىن سىياسەت ۋە خەلقئارا مۇناسىۋەتلەر پىروفېسسورى دوكتور ئىسام ئابدۇششافى «ئوتتۇرا شەرق ۋە خىتاي مۇناسىۋىتى» ۋە 27 دۆلەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئوتتۇرا شەرقتە شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىنى كۈچلەندۈرۈشنىڭ يوللىرى ھەققىدە توختالدى.

ئارقىدىن پىروفېسسور دوكتور مۇھەممەد ئەفانى سەللاھ ئاسىيا ئەللىرى ۋە خىتاي مۇناسىۋىتى، خىتاينىڭ شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرىدىكى كېڭەيمىچىلىكىنىڭ ئاسىيا دۆلەتلىرىگە قانداق تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقى ۋە بۇ دۆلەتلەردە شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىنى كۈچلەندۈرۈش يوللىرى ھەققىدە توختالدى.

كېيىن ئامېرىكىدىكى ئۇيغۇر تەتقىقات مەركىزىنىڭ رەئىسى ئابلىكىم ئىدرىس خىتاينىڭ خىرىسىغا دۇچ كېلىۋاتقان مەركىزى دۆلەتلەرگە قارىتا ئامېرىكىنىڭ سىياسىتىنىڭ قانداق بولۇۋاتقانلىقى ھەققىدە سۆز قىلدى.

24-سېنتەبىر يىغىننىڭ چۈشتىن بۇرۇنقى بۆلۈمىگە پېشقەدەم ژۇرنالىست سىراجىددىن ئەزىزى رىياسەتچىلىك قىلدى ۋە «شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى» باش تېما قىلىنغان ھالدا دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى مۇئاۋىن رەئىسى ۋە ئىستراتېگىيە مۇتەخەسسىسى دوكتور ئەركىن ئەكرەم «خىتاي دۆلەت ئىستراتېگىيەسى ۋە شەرقىي تۈركىستان دەۋاسى» تېمىسىدا، تۈركىيەدە ۋە خەلقئارادا تونۇلغان خەلقئارا مۇناسىۋەتلەر مۇتەخەسسىسى دوكتور قادىر تەمىز ئەپەندى «رايون ۋە خەلقئارالىق ئامىللارغا ئاساسەن خىتاينىڭ كەلگۈسى ئەھۋالى» تېمىسىدا، مالايشىيا مۇسۇلمان ياشلار ھەرىكىتى مۇئاۋىن رەئىسى ۋە ئۇيغۇر مالايشىيا مۇناسىۋەتلىرى تەشكىلاتى مۇئاۋىن رەئىسى ئەنۋەر ئىسمائىل «جەنۇبىي شەرقىي ئاسىيا ۋە شەرقىي تۈركىستان دەۋاسى» تېمىسىدا، دوكتور ئادىلجان ئەرئۇيغۇر «شەرقىي تۈركىستان مۇھاجىرىتىنىڭ ئىجتىمائىي ئامىللىرى ۋە ئۇنىڭ سىياسىي ھەرىكەتكە بولغان تەسىرى» تېمىسىدا، ئەنقەرە ئۇنىۋېرسىتېتى ئوقۇتقۇچىسى پىروفېسسور دوكتور ئەركىن ئەمەت «تۈرك دۇنياسىنىڭ شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىدىكى ئەھمىيىتى» تېمىسىدا ۋە خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى باش كاتىپى ئابدۇرېشىد ئەمىنھاجى «شەرقىي تۈركىستان كىرىزىسى: ئىشغالىيەت ۋە ئىرقىي قىرغىنچىلىق» تېمىسىدا مىساللار بىلەن تەپسىلىي توختالدى. ئارقىدىن ھەرقايسى لېكسىيە سۆزلىگۈچىلەر يىغىن ئەھلىنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بەردى.

يىغىننىڭ چۈشتىن كېيىنكى بۆلۈمى «شەرقىي تۈركىستان دەۋاسى: ھەل قىلىش تەكلىپلىرى» تېمىسىنى چۆرىدىگەن ھالدا داۋاملاشقان بولۇپ، شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى

رەئىسى دوكتور ئالىمجان بۇغدا رىياسەتچىلىك قىلدى.

يىغىندا ئالدى بىلەن كۇۋەيتنىڭ سابىق پارلامېنت ئەزاسى پىروفېسسور دوكتور ۋەلىد تابتابائيي «خىتاينىڭ ئەرەب دۇنياسى ئىستىراتېگىيەسى ۋە ھەل قىلىش تەكلىپلىرى» تېمىسىدا، كانادا شەرقىي تۈركىستان فېدېراتسىيەسى رەئىسى رۇقىيە تۇردۇش خانىم «شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىقى: خەلقئارا قانۇندا ئېتىراپ قىلىنىش ۋە يولغا قويۇلۇش ئۇسۇللىرى» تېمىسىدا، سەلچۇق ئۇنىۋېرسىتېتى تارىخ پەنلىرى دوكتورانتى، يازغۇچى ئابدۇرېھىم دۆلەت «شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىغا ئىسلاھات تەكلىپلىرى» تېمىسىدا، شەرقىي تۈركىستان ئىنسان ھەقلىرىنى كۆزىتىش جەمئىيىتى رەئىسى نۇرمۇھەممەد تۈركىستانىي «شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىقى» تېمىسىدا توختالدى ۋە ئاخىردا لېكسىيە سۆزلىگۈچىلەر يىغىن ئەھلىنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بەردى.

شۇنداقلا يىغىننىڭ ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى كۈنلىرىدە شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىدىكى مۇھىم شەخسلەر، ئاكادېمىكلار، چەت ئەللەردىن كەلگەن مېھمانلار ئايرىم-ئايرىم گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنۈپ ، شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىدىكى كۆچلۈك نۇقتىلار، ئاجىز تەرەپلەر، پۇرسەتلەر ۋە تەھدىتلەر قاتارلىق تېمىلار بويىچە مۇزاكىرە ئۆتكۈزدى ۋە ئانالىزلارغا ئاساسلانغان ھالدا مۇۋاپىق ھەل قىلىش چارىلىرى تەۋسىيە قىلىندى.

يىغىننىڭ ئاخىرقى كۈنى بولغان 25-سېنتەبىر ھەرقايسى گۇرۇپپىلارنىڭ مەسئۇللىرى ئۆز گۇرۇپپىلىرىدا مۇزاكىرە قىلىنغان ۋە قىلىشقا تېگىشلىك دەپ قارالغان تېمىلارنى يىغىن ئەھلىگە سۇندى.

ئارقىدىن ئەنقەرە ئىجتىمائيي پەنلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئوقۇتقۇچىسى دوكتور ھاجى قۇتلۇق قادىرى تۈركىيەدىكى ياپونىيە باش ئەلچىسىنىڭ يىغىن ئەھلىگە يوللىغان سالامىنى يەتكۈزگەندىن كېيىن، ئۇيغۇرلارنى ئۇزۇن يىل تەتقىق قىلغان ۋە «يىپەك يولى ئىستىراتېگىيەسى ۋە خىتايدىكى مەدەنىيەت قىرغىنچىلىقى» قاتارلىق كىتابلارنىڭ ئاپتورى، ياپونىيە كاگوشىما خەلقئارا ئۇنىۋېرسىتېتى ئوقۇتقۇچىسى پىروفېسسور دوكتور سەيجى نىشىخارا ۋە «شەرقىي تۈركىستان: كوممۇنىست پارتىيەسى ئىدارىسىدە ئۆتكەن 70 يىل» ناملىق كىتابنىڭ ئاپتورى، ياپونىيە خوسەي ئۇنىۋېرسىتېتى ئوقۇتقۇچىسى پىروفېسسور دوكتور جۇن كاماكۇرا ئەپەندىلەر ئايرىم-ئايرىم يىغىن ئەھلىگە سۆز قىلدى.

ئاخىردا خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكىنىڭ رەئىسى ھىدايەتۇللاھ ئوغۇزخاننىڭ خۇلاسە دوكلاتىنى ئوقۇشى ۋە پىروفېسسور دوكتور جەلال ئەربايىنىڭ باشچىلىقىدىكى دۇئا ۋە ئويچە خاتىرە سۈرەتكە چۈشۈش بىلەن، 15-نۆۋەتلىك دۇنيا شەرقىي تۈركىستانلىقلار قېرىنداشلىق ئۇچرىشىشى ۋە 6-نۆۋەتلىك شەرقىي تۈركىستان مىللىي بىرلىك شۇراسى غەلىبىلىك ئاياغلاشتى.




DÜNYA
DOĞU TÜRKİSTANLILAR
KARDEŞLİK BULUŞMASI
DOĞU TÜRKİSTAN MİLLİ BİRLİK ŞURASI
EAST TURKISTAN NATIONAL UNITY COUNCIL
– 2023 – İSTANBUL –
ISTIQLAL






DOĞU TÜRKİSTAN MİLLİ BİRLİK ŞURASI
EAST TURKISTAN NATIONAL UNITY COUNCIL
22-25 EYLÜL İSTANBUL TÜRKİYE














# ئۇيغۇر مەجبۇري ئەمگىكىگە چېتىشلىق ئۈچ خىتاي شىركىتى قارا تىزىملىككە كىرگۈزۈلدى

ئامېرىكا ئۇيغۇرلارنى مەجبۇري ئەمگەككە سېلىشقا چېتىلغان خىتاينىڭ ئۈچ شىركىتىنى قارا تىزىملىككە كىرگۈزدى.

ئامېرىكا ئاۋازىنىڭ خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، ئامېرىكا ھۆكۈمىتى 26-سېنتەبىر باياناتى ئېلان قىلىپ، ئۇيغۇرلارنى مەجبۇري ئەمگەككە سېلىشقا قاتناشقان ئورۇنلار تىزىملىكىگە يەنە ئۈچ خىتاي شىركىتىنى قوشقانلىقىنى بىلدۈرگەن.

رويتېرس ئاگېنتلىقىنىڭ خەۋەر قىلىشىچە، بۇ ھەرىكەتنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى ئامېرىكا تەمىنلەش زەنجىرى ئىچىدىكى مەجبۇري ئەمگەككە چېتىشلىق بارلىق مەھسۇلاتلارنى يوقىتىش ئىكەن.

قارا تىزىملىككە كىرگۈزۈلگەن ئۈچ خىتاي شىركىتى ئاتالمىش «شىنجاڭ» تيەنميەن ئاساسىي توقۇمىچىلىق چەكلىك شىركىتى، ئاتالمىش «شىنجاڭ» تەڭرىتاغ يۇڭ توقۇمىچىلىق چەكلىك شىركىتى ۋە ئاتالمىش «شىنجاڭ» جۇڭتەي گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى ئىكەن.

ئامېرىكىنىڭ «ئۇيغۇر مەجبۇري ئەمگىكىنى چەكلەش قانۇنى»غا ئاساسەن شىركەتلەر ئىمپورت قىلىنغان مەھسۇلاتنىڭ مەجبۇري ئەمگەك بىلەن ئىشلەپچىقىرىلمىغانلىقىنى ئىسپاتلىيالمىغان تەقدىردە، ئۇيغۇر مەجبۇري ئەمگىكىگە چېتىشلىق دەپ ھېسابلىنىدۇ.

گەرچە ئامېرىكا ھۆكۈمىتى «ئۇيغۇر مەجبۇري ئەمگىكىنى چەكلەش قانۇنى»نى رەسمىي ماقۇللاپ، ئەمەلىي ئىجرا قىلىشقا باشلىغان بولسىمۇ، مۇتلەق كۆپ قىسىم دۆلەتلەرنىڭ خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق سىياسىتىگە، خۇسۇسەن مەجبۇري ئەمگەك جىنايىتىگە سۈكۈت قىلىشى ياكى ئەمەلىي تەدبىر قوللانماسلىقى خىتاينىڭ خەلقئارادىكى سودا ھەرىكەتلىرىنى توسالغۇسىز داۋاملاشتۇرۇشىغا يول ئېچىپ بەرمەكتە.

خىتاي رېجىمى خەلقئارالىق جازا ۋە بېسىملارغا قارىماي، بىر تەرەپتىن شەرقىي تۈركىستاندىكى مەجبۇرىي ئەمگەكتىن غايەت زور مەنپەئەتكە ئېرىشسە، يەنە بىر تەرەپتىن شەرقىي تۈركىستاننىڭ چېگرا ئەۋزەللىكىدىن پايدىلىنىپ، مەجبۇرىي ئەمگەك مەھسۇلاتلىرىنى تۆمۈر يول لىنىيەسى ئارقىلىق ياۋروپا، ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىگە يەتكۈزمەكتە. بۇ ئارقىلىق ئاۋىياتسىيە ترانسپورتىنىڭ قىممەت، دېڭىز ترانسپورتىنىڭ ئاستا بولۇشتەك كەمچىللىكلىرىدىن ئەگىپ ئۆتۈپ، تېخىمۇ كۆپ پايدا ۋە ئەۋزەللىككە ئېرىشمەكتە.



## يېڭى قانۇن: قازاقلار قازاقىستان نوپۇسىغا ئۆتۈش ئۈچۈن خىتاينىڭ رۇخسىتىنى ئېلىشى كېرەك

قازاقىستان پارلامېنتى ئالدىنقى ھەپتە يېڭى قانۇن لايىھەسى ماقۇللىغان بولۇپ، شەرقىي تۈركىستاندىكى قازاق خەلقى قازاقىستان پۇقرالىقىغا ئۆتۈشتىن ئاۋۋال خىتاي رېجىمىدىن «ۋەتىنىدىن ۋاز كەچكەنلىك ئىسپاتى» ئېلىشى كېرەك ئىكەن.

ئۈمىد ئاۋازى تورىنىڭ خەۋەر قىلىشىچە، 20-سېنتەبىر قازاقىستان پارلامېنتىنىڭ تۆۋەن پالاتاسى «قازاقىستان بىلەن خىتاي پۇقرالىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئۈچۈر ئالماشتۇرۇش كېلىشىمى» قانۇن لايىھەسىنى ماقۇللىغان. قازاقىستان ئاھالىلىرىنىڭ ئېيتىشىچە، شەرقىي تۈركىستان ئاھالىسى قازاقىستان نوپۇسىغا ئۆتۈش ئۈچۈن، چوقۇم خىتاي تارقاتقان «دۆلەت تەۋەلىكىدىن ۋاز كېچىش» ئىسپاتىنى تاپشۇرۇشى كېرەك ئىكەن. بۇ تەدبىر قازاقىستاننىڭ بۇنىڭدىن كېيىن شەرقىي تۈركىستان ئاھالىسىنىڭ بىخەتەر پاناھلىنىش جايى بولمايدىغانلىقىنىڭ بېشارىتى ئىكەن.

قازاقىستاندىكى كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتى ئاتا يۇرت جەمئىيىتى مەسئۇللىرىنىڭ ئەركىن ئاسىيا رادىيوسى مۇخبىرىغا ئېيتىشىچە، مەزكۇر كېلىشىمنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسەن، قازاقىستاندا ياشايدىغان

شەرقىي تۈركىستان كۆچمەنلىرىنىڭ خىتاي رېجىمىنى تەنقىد قىلىشىغا يول قويۇلمايدىكەن. شەرقىي تۈركىستاندىكى قازاقلار قازاقىستانغا كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن، ئەگەر قازاقىستان پۇقراسى بولماقچى بولسا، چوقۇم خىتاي رېجىمىنىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىشى كېرەك ئىكەن. خىتاي تەلەپ قىلسىلا، قازاقىستان ھۆكۈمىتى شەرقىي تۈركىستاندىن كۆچۈپ كەلگەن كىشىلەرنى، جۈملىدىن قازاقىستان دۆلەت تەۋەلىكىگە ئۆتكەنلەرنى خىتايغا قايتۇرۇپ بېرىش مەجبۇرىيىتى بار ئىكەن.

ئىلگىرىكى يىللاردا شەرقىي تۈركىستاندىن قازاقىستانغا كۆچۈپ كەلگەن ۋە ھازىر ئالمۇتادا ياشاۋاتقان كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، شەرقىي تۈركىستان ئاھالىسىنىڭ قازاقىستان پاسپورتىغا ئىلتىماس قىلىش تەرتىپى كۆنسېرى مۇرەككەپلەشكەن. ئۆتكەن ئالتە-يەتتە يىل ئىچىدە خىتاي كوممۇنىست رېجىمى ۋە قازاقىستان دائىرىلىرى بىرلىكتە شەرقىي تۈركىستاندىكى قازاقلارغا زىيانكەشلىك قىلىپ، قازاقلارنىڭ قازاقىستانغا كۆچۈشىگە توسقۇنلۇق قىلغان.

شەرقىي تۈركىستاندىكى قازاق خەلقى ئەسلىدە قازاقىستاننى ئۆزلىرىنىڭ بىخەتەر پاناھگاھى قىلىپ كەلگەن بولۇپ، نۆۋەتتە ئۇلارنىڭ قازاقىستان پۇقرالىقىغا مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېرىشىش ياكى ئېرىشەلمەسلىكىنى خىتاي قارار قىلىدىغان ھالەتكە كەلگەن. شەرقىي تۈركىستاندىكى قازاق خەلقىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا نۇرغۇن ئوتلاقلىرى بار بولۇپ، ھازىرقى ئەھۋالدا ئۇلار قازاقىستان نوپۇسىغا ئۆتۈش ئۈچۈن، چارۋا باقىدىغان نۇرغۇن ئوتلاقنىڭ ئىشلىتىش ھوقۇقىدىن ۋاز كېچىشى كېرەك ئىكەن. ئەكسىچە بولغاندا خىتاي رېجىمى چارۋىچىلارنىڭ دۆلەت تەۋەلىكىدىن ۋاز كېچىشىگە يول قويمايدىكەن.



ئامېرىكا ھۆكۈمىتى دوكلات ئېلان قىلىپ، خىتاي رېجىمىنىڭ دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا يالغان ئۇچۇرلارنى تارقىتىشقا كۆپلەپ مەبلەغ سېلىپ، خەلقئارادىكى سۆز ئەركىنلىكىگە تەھدىت سالغانلىقىنى ئاشكارىلىدى.

ئامېرىكا ئاۋازىنىڭ خەۋەر قىلىشىچە، ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى 28-سېنتەبىر دوكلات ئېلان قىلىپ، خىتاينىڭ مىلياردلاپ دوللار سەرپ قىلىپ، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا يالغان ئۇچۇرلارنى تارقاتقانلىقى ۋە بۇ ئارقىلىق دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا سۆز ئەركىنلىكى مۇھىتىنىڭ جىددىي تارىيىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

دوكلاتتا دېيىلىشىچە، خىتاينىڭ يەرشارى ئۇچۇرلىرىنى كونترول قىلىش ھەرىكىتى پەقەت ئاممىۋى دىپلوماتىيە مەسىلىسىلا بولۇپ قالماي، بەلكى يەر شارى ئۇچۇر بوشلۇقىنىڭ پۈتۈنلىكىگە خىرىس قىلىدىكەن. ئەگەر خىتاينىڭ بۇ ھەرىكىتى كونترول قىلىنمىسا، خىتاينىڭ ھەرىكىتى خىتاي كومپارتىيەسى ئېكسپورت قىلغان تېخنىكىنىڭ يەرلىك ھۆكۈمەتلەرنى بويسۇندۇرۇپ، خىتاي رېجىمىنىڭ بىۋاسىتە ئۆچ ئېلىشىدىن ئەنسىرەيدىغان ۋەزىيەت تېخىمۇ كۈچىيىدىكەن. ئاخىرىدا دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا پىكىر ئەركىنلىكى مۇھىتىنىڭ تارىيىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىكەن.

ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىنىڭ يەرشارى ئالاقىلىشىش مەركىزى ئېلان قىلغان مەزكۇر دوكلاتتا ئاشكارىلىنىشىچە، خىتاي رېجىمى ھەر يىلى بىر مىليارد دوللارنى چەت ئەل ئۇچۇرلىرىنى كونترول قىلىش ئۈچۈن سەرپ قىلىدىكەن. خىتاينىڭ بۇ تەشۋىقاتى يالغان ئۇچۇرلارنى تارقىتىش ۋە مەزمۇننى تەكشۈرۈش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغاندىن باشقا، خىتاي كومپارتىيەسى توغرىسىدىكى ئۇچۇرلارنى تەشۋىق قىلىش ۋە خەۋەرلەرنى ئاكتىپ تارقىتىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىكەن.

دوكلاتتا دېيىلىشىچە، خىتاي يەنە تەيۋەن، كىشىلىك ھوقۇق ۋە ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق قاتارلىق تالاش-تارتىشلىق تېمىلاردا خىتاينىڭ رەسمىي بايانى ۋە مەيدانىغا زىت بولغان ھالقىلىق ئۇچۇرلارنى كونترول قىلىپ باستۇرىدىكەن. خىتاينىڭ ئۇچۇر كونترول قىلىش ئۇسۇلى «رەقەملىك مۇستەبىتلىك»نى ئىلگىرى سۈرۈپ، خەلقئارالىق تەشكىلاتلاردىن پايدىلىنىپ، خىتاي تىلىدىكى تاراتقۇلارنى كونترول قىلىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىكەن ۋە خىتاي بۇ ھەرىكىتى ئارقىلىق يەر شارى ئۇچۇر مۇھىتىنى قايتا قۇرۇش ئىقتىدارىغا ئىگە بولىدىكەن.



## ئىستانبۇلدا «شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى تونۇشتۇرىمەن» تېمىسىدا سۈرەت كۆرگەزمىسى باشلاندى

ئىستانبۇلدا خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئىجرا قىلىۋاتقان جىنايەتلىرىنى تونۇشتۇرۇش مەقسەت قىلىنغان «ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى تونۇشتۇرىمەن» تېمىسىدا قىلىنغان سۈرەت كۆرگەزمىسى، لېكسىيە ۋە مەدەنىيەت پائالىيەتلىرى ئۆتكۈزۈلدى.

پائالىيەت خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى، تۈركىيە ئىنسانىي ياردەم ۋەقفى(IHH) ، ئۇنىڭ ياشلار شۆبىسى، مىللىي تۈرك ئوقۇغۇچىلار بىرلىكى، تۈركىيە ياشلىرى تەشكىلاتلار بىرلىكى مۇنبىرى، ئەرباقان ۋەقفى، تاشقى سودا بىلىم مەركىزى قاتارلىق كۆپلىگەن تەشكىلاتلارنىڭ ھەمكارلىقى بىلەن تەشكىللەندى.

پائالىيەت ئۈچ كۈن داۋاملىشىدىغان بولۇپ، 29-سېنتەبىر مەخسۇس ئېچىلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. كۆرگەزمىنىڭ ئېچىلىشى قارىي ئوسمان بوستانجىنىڭ قۇرئان كەرىم تىلاۋىتى بىلەن باشلاندى. ئارقىدىن تۈركىيە دۆلەت مارشى ۋە شەرقىي تۈركىستان دۆلەت مارشى ئوقۇلدى.

سابىق پارلامېنت ئەزاسى پىروفېسسور، دوكتور جالال ئەرباي سۆز قىلىپ، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئەھۋالىنى بىلىش ۋە ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلۈشنىڭ جىھادنىڭ بىر تۈرى ئىكەنلىكىنى، ئىلگىرى مۇقەددەس دەۋا ئېڭىنى ئانادولۇغا تارقاتقان شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئېغىر كۈلپەت ئىچىدە قىرغىنچى خىتاي بىلەن كۈرەش قىلىۋاتقانلىقىنى، ئۇلارغا ھەمدەمدە بولۇش تۈركىيە خەلقىنىڭ جىھادى ۋە مەسئۇلىيىتى ئىكەنلىكىنى تەكىتلىدى.

ئارقىدىن مىللىي تۈرك ئوقۇغۇچىلار بىرلىكى رەئىسى تاھسىن باشارى سۆز قىلدى. ئۇ سۆزىدە ئاياسوفىيە جامەسىنىڭ قايتا ئېچىلىشىنىڭ شەرقىي تۈركىستاننىڭ فەتھى ۋە قۇددۇسنىڭ فەتھىنىڭ باشلىنىشى ئىكەنلىكىگە چىن پۈتۈپ ھەرىكەت قىلىۋاتقانلىقىنى، ئۆزلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىنىڭ گۇۋاھچىسى ئەمەس، بەلكى دەۋاچىسى ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى.

پائالىيەتتە يەنە خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكىنىڭ رەئىسى ھىدايەتۇللاھ ئوغۇزخان سۆز قىلىپ، ئالدى بىلەن پائالىيەتنى تەشكىللەشكە قاتناشقان، ياردەم قىلغان بارلىق تەشكىلاتلارنىڭ شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىگە كۆڭۈل بۆلگەنلىكىگە رەھمەت ئېيتتى. ئارقىدىن ئامېرىكا ۋە غەرب ئەللىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنى كۈنتەرتىپكە كەلتۈرۈشى خىتاينى قاتتىق بىئارام قىلىۋاتقان بىر پەيتتە، مىللىتى ۋە ئىسلام ئەقىدىسى بىر بولغان تۈركىيە ھۆكۈمىتى ۋە تۈرك خەلقىنىڭ شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىغا كۈتۈلگەندەك كۆڭۈل بۆلمىگەنلىكىنى، بۇ شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى بىئارام قىلىدىغانلىقىنى، بۈگۈن يىغىلىشتا تەشكىلات مەسئۇللىرىنىڭ قىلغان سۆزلىرى شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە ئۈمىد چىرىغى بولغانلىقىنى، شۇڭا تۈركىيەدىكى تەشكىلاتلارنىڭ ھەمكارلىقى بىلەن چوڭ مۇنبەر تەشكىللەپ، شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىنى تۈركىيەدە، خەلقئارادا تۈرلۈك مېتود ۋە شەكىللەردە تېخىمۇ جانلاندۇرۇشقا ھەرىكەت قىلىش تەكلىپىنى بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

ئارقىدىن تۈركىيە ئىنسانىي ياردەم ۋەقفى ياشلار شۆبىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مۇئاز تاھادېمىرتاش سالام سۆزى قىلىپ، شەرقىي تۈركىستان ۋە قۇددۇس فەتھىنىڭ يېقىنقى كۈنلەردە ۋۇجۇدقا چىقىشىنى ئاللاھدىن تىلەيدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

ئەرباقان ۋەقفى ئىستانبۇل ياشلار شۆبىسىنىڭ رەئىسى ئېمرە تۈزۈم سۆز قىلىپ، ئالدى بىلەن تارىختا خاتىرىلەنگىنىدەك، خىتاينىڭ يۇمشاق سۆزلىرى، چىرايلىق يېپەكلىرى بىلەن يىراقتىكى مىللەتلەرنى ئۆزىگە قارىتىدىغانلىقىنى، ئارقىدىن ئۆزىنىڭ ئەسلى رەزىل مەقسىتىنى ئاشكارىلاپ، خىتايغا يېقىنلاشقان مىللەتلەرنى مۇنقەرز قىلىشقا باشلايدىغانلىقىنى ئەسلىتىپ ئۆتتى. ئارقىدىن تۈركلەر شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىغا كۆڭۈل بۆلمىگەنلىكى سەۋەبلىك، نۆۋەتتە شەرقىي تۈركىستان ۋەزىيىتىنىڭ تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ قېلىۋاتقانلىقىنى، شۇڭا بۈندىن كېيىن، شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىگە كۆڭۈل بۆلۈشتە تۈركلەرنىڭ ئەڭ ئالدىدا مېڭىشى كېرەكلىكىنى بىلدۈردى. ئارقىدىن ئىستانبۇل مۇسۇلمانلار كوللېكتىپى تەشكىلاتىغا ۋاكالىتەن ئىلخان ئىبراھىم سۆز قىلدى.

ئارقىدىن شەرقىي تۈركىستان رايونى ئۈچۈر ئىشخانا باش يېتەكچىسى ئوسمان نۇرىيدۇمان قىلىپ، ئىككى يىل ئىلگىرى ئۆزىنىڭ

دوستلىرى بىلەن شەرقىي تۈركىستان خەلقى ئۇچۇن نېمە ئىشلارنى قىلالايدىغانلىقى ھەققىدە سۆزلەشكەنلىكىنى، ئاخىرىدا «شەرقىي تۈركىستان رايون ئىشخانىسى»نى قۇرغانلىقىنى، بۇ ۋاسىتە بىلەن يىراقنى كۆزلىگەن ھالدا تەلىم-تەربىيە ئىشلىرىنى داۋاملاشتۇرۇۋاتقانلىقىنى بىلدۈردى.

ئارقىدىن مىللىي تۈرك ئوقۇغۇچىلار بىرلىكىدىن يۇسۇف گۈللۈ شېئىر دېكلاماتسىيە قىلدى. پائالىيەتتە يەنە ئۇيغۇر 12 مۇقاملىرىدىن «ناۋا مۇقامى» ئورۇندالدى.

ئاخىردا لاگېر شاھىتى گۈلباھار خانىم خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا تەسىس قىلغان جازا لاگېرلىرى ۋە لاگېردىكى جىنايى قىلمىشلار ھەققىدە گۇۋاھلىق بەردى.

كۆرگەزمە 1-ئۆكتەبىر كەچكىچە داۋاملىشىدىغان بولۇپ، كۆرگەزمىگە خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا تەسىس قىلغان جازا لاگېرلىرىنىڭ تەقلىدىي كامېرى، بالىلار ئاسسىمىلياتسىيە قىلىنىۋاتقان تەقلىدىي سىنىپ، تەقلىدىي قىيىن-قىستاق ئۆيى قاتارلىقلار كۆرسىتىلگەندىن سىرت، جازا لاگېرىغا قامالغان، ئازاب چېكىۋاتقان كىشىلەرنىڭ سۈرەتلىرى، سانلىق مەلۇماتلىرى، خىتاينىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان سۈرەتلەر قويۇلدى. شۇنداقلا ئۇيغۇرلارنىڭ كىيىم–كېچەك مەدەنىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرگەن بۇيۇملار كۆرگەزمە قىلىندى.

پائالىيەتكە ئەششەرق، TV NET، AB9، ئىستىقلال قاتارلىق قاناللار كەلگەن بولۇپ، ئېچىلىش مۇراسىمىنى بىۋاسىتە تارقاتتى.




*پۈتۈن دۇنيا خەلقى خىتاينىڭ جىنايەتلىرىگە شېرىك بولىدىغان «ئىرقىي قىرغىنچىلىق ساياھىتى»گە ياق دېيىشى كېرەك.*

# ئىستىقلال ئاۋازى

## ئايلىق ئاخبارات ژۇرنىلى

شەرقىي تۈركىستاندا نېمىلەر يۈز بېرىۋاتىدۇ؟

بۇ ھەقتىكى خەۋەرلەرنىڭ قايسىسى راست، قايسىسى يالغان؟

ژۇرنىلىمىز ئىشەنچلىك، نوپۇزلۇق خەۋەر مەنبەلىرى ۋە تىرىك شاھىتلارنىڭ گۇۋاھلىقى ئارقىلىق، نۆۋەتتە شەرقىي تۈركىستان خەلقى باشتىن كەچۈرۈۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى، خىتاينىڭ ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەتلىرىنى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ بۇ ھەقتىكى يالغان ئۇچۇرلىرى ۋە كۆز بويامچىلىقىنى دۇنياغا ئاشكارىلاشنى نىشان قىلىدۇ.


| | |
|---|---|
| باش مۇھەررىر | ئابدۇلۋارىس ئابدۇلخالىق |
| تەھرىر | ي. قۇرۇم |
| لايىھەلىگۈچى | سەيپىدىن تارىم |
| كارىكاتۇر | رادۋا ئادىل |
| نەشر قىلغۇچى ئورۇن | شەرقىي تۈركىستان ئاخبارات ۋە مېدىيا جەمئىيىتى |
| نەشر تۈرى | ئايلىق ئاخبارات ژۇرنىلى |
| ئادرېس | Kartaltepe Mah. Geçit Sok. No: 6 Dük. 2<br>Sefaköy Küçükçekmece İSTANBUL |

info@istiqlalmedia.com

www.istiqlalmedia.com www.istiqlalhaber.com

+90 553 895 19 33 +90 212 540 31 15

+90 541 797 77 00


DOĞU TÜRKİSTAN
BASIN VE MEDYA DERNEĞİ
شەرقىي تۈركىستان ئاخبارات ۋە مېدىيا جەمئىيىتى